دىلمۇرات مۇھەممەتئىمىن شاۋۇدۇن



# ئىشقىمدا باھار يوق

# نىگارىم سەنسىز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



دىلمۇرات مۇھەممەتئىمىن شاۋۇدۇن



# ئىشقىمدا باھار يوق

# نىگارىم سەنسىز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我的爱，我的春天：维吾尔文/迪力木拉提·麦麦提依明肖吾东著．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.2
ISBN 978-7-5466-1223-2

Ⅰ．①我 ··· Ⅱ．①迪··· Ⅲ．①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 035332 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: راھىلە يۈسۈپ
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: قەدىرىيە مىجىت

**ئىشقىمدا باھار يوق نىگارىم سەنسىز** (شېئىرلار)
دىلمۇرات مۇھەممەتئىمىن شاۋۇدۇن
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 3.5
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1223 - 2
باھاسى: 18.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

دىلمۇرات مۇھەممەتئىمىن شاۋۇدۇن 1968 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەن. 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، 1988 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شىئەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1993 ـ يىلىدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق 2 ـ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا كەسپىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۆز كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «كىچىك بالىلاردىكى ئۆت غول نەيچىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تېشىلىشىنى خاتا ھالدا سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى دەپ قاراش»، «ئېلېكتىر يېڭىنىسى ئارقىلىق يېپىشقاق خاراكتېرلىك ئۈچەي توسۇلۇشنى داۋالاش»، «ئاشقازان راكى ئوپېراتسىيەسىدىن كېيىن ئاشقازان كىچىك ئەگمە ئاقمىسىنى داۋالاش» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، جۇڭخۇا تېببىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «كىرپىكتىكى قار» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

# مۇندەرىجە


چۈشۈپتىمەن دامىڭغا.......... 1

ئارزۇ.......... 2

ئۈركۈمىگەن مىنىڭدىن جېنىم.......... 3

يار يولۇڭغا قاراپ.......... 4

ئەسلەش ۋە ۋىسال.......... 5

نازلىرىڭ.......... 6

شېرىن تۇنجۇقۇش.......... 7

سېغىنىش.......... 8

يۈرىكىم يىغلايدۇ.......... 9

سەن.......... 10

مۇھەببەت.......... 11

ئىستەك.......... 12

قانمىغان ئارزۇ.......... 13

ئەقىدە.......... 14

ئۆكۈنۈش.......... 15

ئۈزۈلمەس رىشتە.......... 16

غەيۋەت.......... 17

هاراق ۋە ئاقىۋەت.......... 18

ئايرىلىش.......... 19

ئېچىنىش.......... 20

ئېسىڭدىمۇ.......... 21

سۆيۈنۈش.......... 22

قۇتلۇق كۈنۈڭ.......... 23

دوستۇمغا.......... 24

ئايدىڭ كېچە يازسۇن خاتىرە.......................25

كۈتۈش.......................26

ھىجران.......................27

مۇھەببەتنىڭ ئۇۋسى.......................28

سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن.......................29

سەبىي باللار.......................30

نەسىھەت.......................31

ياشا.......................32

سورىمايمەن سەندىن سەدىقە.......................33

سۆيۈش - سۆيۈلۈش.......................34

ئۈمىد.......................35

ئالدىما قىز.......................36

دادا.......................37

ئىزا تارتامسەن.......................38

ئۇزاتمىغىن.......................39

ئاياللار دۇنياسى.......................40

سۆيگۈم بار، بىراق.......................41

سەن كىم.......................42

بىمارغا سۆز.......................44

كۆيۈك.......................45

پەقەت سېنى سۆيىمەن شۇنداق.......................46

ئارمان.......................47

پەقەت.......................48

يار سېنى ئەسلەپ.......................49

مەيلىمۇ.......................50

چىدامسەن.......................51

پۇشايمەن.......................52

سۆيەمدۇ مەندەك.......................53

ئېيت.......................54

سۆيگۈ دېگەن........................55
گۇناھىم بار........................56
ئاپىرىن........................57
كىمدىن سورايمەن........................58
بالام دەپ........................59
بالام........................60
كەلمىدىڭ........................61
تىرىشقىن........................62
سۆيگۈ قالسۇن........................63
ئاشىق قەلبى........................64
ئىشقىمدا باھار يوق نىگارىم سەنسىز........................65
ياتلاشقان يار........................66
نازلىرىڭدىن قىينالدى جېنىم........................67
گۇناھ ئۆزۈمدە........................68
ئۆمۈر سىداملىرى........................69
ئەسلىيەلەمسەن........................70
كېتەلەمسەن........................71
بارلىقىم........................72
ئۇنتۇغىن........................73
نېمە دەي........................74
خىيالچان يۈرەك........................75
ئاتۇشلۇق دېمەك بىزنى........................76
ئاشىق سۆزى........................77
ئۆگەندىم........................78
ئانام........................79
كۈت مېنى........................80
يۈرەك سۆزى........................81
كونا يول........................83
قاۋاقخانىدىن يانغاندا........................84

سېنى ئىزدەيمەن........................ 86
سۆيۈپ ياشا............................ 88
يامغۇر ئەمەس بۈگۈن ياغقىنى........... 90
دەردى بار سۆيگۈ...................... 92
جۇدالىق.............................. 93
قىيىنكەن ـ قىيىن..................... 94
يوشۇرمىغىن........................... 96
سۇ ئىچىدۇ كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈل.......... 97
ئۇچراتقىم يوق سېنى قايتا رەت......... 98
بولمىسا.............................. 99
ماجاڭخانىدىكى يەر شارى............. 100

# چۈشۈپتىمەن دامىڭغا

ھېسلىرىمنى ئېلىپ قاچتىڭ سەن،
پاك دىلىمغا سېلىپ ھەسرەتنى.
ئەقىدەمگە قىلمىدىڭ پەرۋا،
ئوتقا سالدىڭ داغلاپ يۈرەكنى.

بولۇپ بۇلبۇل ئىشقىڭدا سايراپ،
تەقدىم ئەتتىم قەلب رىشتىمنى.
ئارمان بىلەن ئۆتتى بۇ كۈنلەر،
شۈمدىم قانچە سۆيگەن لېۋىمنى.

مۇھەببەتنى ئىزدەپ ئەقىدەم،
ئارمان بىلەن داغلاندى يۈرەك.
سۆيگۈ ئوتۇڭ قەلبىمدە ئاتەش،
سۆيسەڭ نىگار كۈلەتتى يۈرەك.

يېقىپ شۇدەم لەۋلىرىمگە لەۋ،
ھېسلىرىمنى ئالدىڭ ئوغرىلاپ.
مېھرىم بىلەن سۆيگەندە شۇدەم،
كەتتىڭ نېچۈن يۈرەكنى ئالداپ!؟

# ئارزۇ

گۈزەل جانان كۆرگەندە سېنى،
گەپكە تىلىم كەلمەيدۇ پەقەت.
نەپەسلىرىم بارمۇ بىلمەيمەن،
ۋۇجۇدۇمدا بۇ بىر ھەقىقەت.

گۈزەل تىلەك تىلەيمەن ساڭا،
سىرلىرىڭغا سىرداشىڭ بولۇپ.
شېئىر يېزىپ ئاتايمەن ساڭا،
ھېسلىرىمدا بەختلىك بولۇپ.

يوللىرىڭغا باقسام سۈكۈتتە،
يۈرۈكۈمنى تىلغاپ كېلىسەن،
ئېيتالمىغان ئىستەكلىرىمنى،
دېمىسەممۇ دەڭسەپ بىلىسەن.

تەبەسسۇمىڭ بەئەينى بىر گۈل،
پۇرار ھىدى ماڭىلا پەقەت.
كۆزلىرىمدە يانار ئاشىق ئوت،
ئارمانلىرىم ئىزدەر مۇھەببەت.

# ئۆركۈمگىن مېنىڭدىن جېنىم

ئۆركۈمگىن مېنىڭدىن جېنىم،
سەپەرداش بىز هايات يولىدا.
بەخت قۇچاق ئاچىدۇ بىر كۈن،
چىن ئەقىدە ـ ۋىجدان ئالدىدا.

ئۆركۈمگىن مېنىڭدىن جېنىم،
تىۋىشلىرىم سىنى ئىزدەيدۇ.
سەن يېگانە گۈلگۈن گىياهسەن،
رۇخسارىڭنى يۈرەك كۈيلەيدۇ.

ئۆركۈمگىن مېنىڭدىن جېنىم،
باهارىمغا گۈل، چېچەك قىسقىن.
سانسىز كېچە بولۇر گۇۋاهچى،
سېغىنىشتىن بۇ يۈرەك تاشقىن.

ئۆركۈمگىن مېنىڭدىن جېنىم،
مۇڭدىشايلى راسا قانغۇدەك.
تەشنالىقتا ئۇسسىغان قەلب،
چاڭقاقلىقى كۈلۈپ باققۇدەك.

# يار يولۇڭغا قاراپ

لەۋنى يېقىپ، يۈرەكنى ئۆيۈپ،
ئېلىپ كەتتىڭ روھىمنى مېنىڭ.
پاك دىلىمنى داغلىدىڭ ئەجەب،
ئوتى يامان ـــ خاسلىقىڭ سېنىڭ.

ساڭا ئاققان سۆيگۈ، ئەقىدەم،
ئوقچۇپ تۇردى، تېخى ئۆچمىدى.
تاتلىق سۆزۈڭ، نازۇك ھېسلىرىڭ،
پاك دىلىمدىن تېخى كۆچمىدى.

يار يولۇڭغا قاراپ تالمىدىم،
سۆيگۈ بىلەن تاۋلىدىم يۈرەك.
ئەقىدىنىڭ سۇيىدە ئاقساڭ،
سۆيگۈ ئارا بولىدۇ كۆرەك.

# ئەسلەش ۋە ۋىسال

ئۇنتۇلمەن قانداقمۇ سېنى،
ئەسلىمەمدە تۇرساڭ كۆز قىسىپ.
قىينىدىڭغۇ كېچە قوينىدا،
چۈشلىرىمدە باغرىڭغا بېسىپ.

سېنى جانان سېغىندىم ئەجەب،
دىدارىڭغا تىۋىنىپ ھامان.
لەۋلىرىمدە لىۋىڭنىڭ ئىزى،
دولقۇنسىمان تۆكۈلەر ئارمان.

شىۋىرلاشلار، چۇچۇك ۋەدىلەر،
يۈرىكىمدە ئاتەش ھەرئانە.
نۇر تارىغان ئويناق كۆزلىرىڭ،
شادلىقىمنى قىلار ھىمايە.

قوشۇلغاندا يۈرەك جۈپ بولۇپ،
كىرىۋالساق بەخت قوينىغا.
سىڭىپ كەتسەك تومۇردا قاندەك،
قىيىن ئەمەس يەتمەك ۋىسالغا.

# نازلىرىڭ

ۋاپادارلىق بابىدا كۆيۈپ،
بارلىقىمنى ئاتىدىم ساڭا.
سەۋەبلىرىڭ سۆيگۈدىن يىراق،
نەپەسلىرىڭ تەستەكتۇر ماڭا.

باغ ئارىلاپ تىزغاندا گۈلنى،
تىكىنى بار دېدىڭغۇ يايرىم.
ئالدانغىنىم ئۇياتتۇر ـ ئۇيات،
نازلىرىڭدىن قىينالدى جېنىم.

# شېرىن تۈنجۈقۇش

دولقۇنىدا چۆكەر سۈكۈتنىڭ،
ماڭا نېسىپ شېرىن تۈنجۈقۇش.
باھار بولۇپ كۈلسە دىلىمدا،
تۇيغۇلىرىم بولۇر كىچىك قوش.

روھىمدىكى خىلۋەت جىرادا،
يېلىنجىدى ئوتلۇق پىراقلار.
ئىزلىرىمنى سورايدۇ بىر - بىر،
مۇھەببەتسىز كەتكەن تىنىقلار.

# سېغىنىش

كەلگىنە يار باساي باغرىمغا،
بىر ـ بىرىگە قانسۇن قۇش يۈرەك.
سۆيگۈ بىلەن تۆرەلدى ئارمان،
ساداقەتتىن ئېچىلار چېچەك.

مەن باغرىمغا باساي قاچمىغىن،
ئۆتمۈش بولۇپ قالسۇن سەرسانلىق.
ئەقىدىگە قۇياشتۇر ۋاپا،
ئىستەكلەردە كۈلسۇن ئامانلىق.

# يۈرىكىم يىغلايدۇ

سېنىڭ ئۈچۈن قىلىپ ئەقىدە،
چىن سۆيگۈنى ئاتىغان ساڭا.
سۆيمەي قاچتىڭ بىلمىدىم نېچۈن؟
پاك قەلبىمنى قىلدىڭ خۇن، يارا.

يىغلار يۈرەك، ئېچىشار يۈرەك،
دەردكە تولۇپ ئاچچىق ھەسرەتتە.
ۋىسال كۈنى بولمىغاچ نېسىپ،
ئۆتتۈم مۇڭدار بولۇپ سۈكۈتتە.

دەردلىرىمنى سورىما نادان،
ئەقىدەمگە يۈرەك يىغلايدۇ.
سەن ئالدىغان كەبى مېنىمۇ،
باشقىلارمۇ سېنى ئالدايدۇ!

# سەن

سەن دىلىمدا مەشئەل ـ قۇياشتەك،
گۈل ھاياتقا نۇر تۆكۈپ كەلگەن.
ئۈمىدلەرگە تۆكۈپ ھىدايەت،
جاپا ئىچرە ۋاپانى سۈزگەن.

تەشنا ھامان سۆيۈشلىرىڭگە،
شېئىر يېزىپ قەلىمىم ھارماس.
سەنسىز دىلدا ھالاۋەتمۇ يوق،
چىمەنزاردا گۈللەر پۈرىماس.

تەكلىپنامە يازدىم قانچە رەت،
دېدىم بىلسۇن مۇڭلۇق دىلىمنى.
تۇيغۇلاردا ئالەم سۆيۈنەر،
ئۇزۇۋالسام نازۇك گۈلۈڭنى.

# مۇھەببەت

سۆيگۈ دەريا، مۇھەببەت دېڭىز،
بىز ئاقىمىز دولقۇنلىرىدا.
جەۋرى ـ جاپا كەلسىمۇ باشقا،
تاۋلىنىمىز بۇژغۇنلىرىدا.

سەن يىراقتا ناخشا ئوقۇيسەن،
سىڭەر مۇڭى ئايدىڭ ئاخشامغا.
ۋىسال كۈتكەن ئىزگۈ تىلەكلەر،
سۆيگۈ بىرەر مۇڭلۇق ناخشاڭغا.

مەنزىللەرنى كۈتۈپ تەلمۈرۈپ،
مەن كۈتىمەن دەريا بويىدا.
ئۈنەر بىر تۈپ چوغلۇق گۈلىمىز،
كۈلۈپ ھەتتا مەشۇق دىلىغا.

# ئىستەك

بىر گۈل ئىدىڭ قەلبىم بېغىدا،
ھەمرا ئىدىڭ، ئەمەستىم بويتاق.
ھەر سەھەردە كۆرەتتىم سېنى،
چېچىلاتتى سۆيگۈدىن پۇراق.

سىڭەر ئىدىڭ قارچۇقلىرىمغا،
يۇرۇكۇمگە چېكىپ گۈل- نەقىش.
كەل نىگارىم باساي باغرىمغا،
لەۋ ياقايلى، قىلمىغىن خەقىش.



# قانمىغان ئارزۇ

مۇھەببەتنى ئىزدەپ يۈرەيمەن،
بىرگە باسقان ھەربىر ئىزىڭدىن.
ھاردۇقۇمغا پاسىبان بولۇپ،
سۆيگۈ بەرگەن ئوتلۇق قەلبىڭدىن.

دېدىم: گويا پەرھات ـ شىرىندەك،
ئۆتسەك بىزمۇ سۆيگۈ ۋەسلىدە.
ساداقەتتىن پۈتۈپ بىر داستان،
پارلىساق بىز ئاشىق كۆكىرە.

مۇراد، مەقسەت يولى داۋانلىق،
يەتمەس ئىنسان كۈتكەن تىلەككە.
ئوت سالىدۇ تىلەك، ئارمانلار،
قانمىغان شۇ سۆيگۈ، يۈرەككە.

# ئەقىدە

ئۆتۈپ كۈنلەر، كېتىدۇ ياشلىق.
ھېسلىرىمدە يەنىلا پىراق.
كەلمىسەڭ يار قەدىمىي جايغا،
مەن روھىمدىن بولىمەن يىراق.

پاك قەلبىمنى چۈشەنگىن نىگار،
سېنى سۆيمەك ئەمەستۇر گۇناھ؟
سېلىشتۇرغىن ھەممىنى بىر - بىر،
ئوخشاش ئەمەس دەل - دەرەخ، گىياھ.

قىلدىم ساڭا ئىخلاس، ئەقىدە،
ۋاپا گۈلى ئېچىلار ھامان.
مۇھەببەتكە بولمىساق سادىق،
ئاشىق گۈلى بولىدۇ خازان.

# ئۆكۈنۈش

قىلالمىدۇق ياخشى ئىشلارنى،
يولغا سېلىپ ئوتلۇق يىللارنى.
قالدى تالاي ھايات سەپىرى،
ئاتقۇزمىدىڭ تۈزگەن پىلاننى.

قىلالمىدۇق ياخشى ئىشلارنى،
بەربات قىلىپ ياشلىق چاغلارنى.
گۈل باغلارنىڭ گۈلى توزىدى،
بۇزالمىدۇق قاتار چايلارنى.

قىلالمىدۇق ياخشى ئىشلارنى،
ئۇزاپ كەتتى ھايات كارۋىنى.
تېۋىنارمىز كۆز يېشى گۇۋاھ،
تاپالماستىن ئۆمۈر ئىزىنى.

قىلالمىدۇق ياخشى ئىشلارنى،
بېرەلمىدۇق ئۆمۈرگە جاۋاب.
تەن ـ روھىمىز قۇرۇپتۇ بىلسەم،
ئۆتۈپتىمىز تاپالماي ساۋاب.

قىلالمىدۇق ياخشى ئىشلارنى،
كەتتى ئۆتۈپ ئۆمۈرنىڭ تېگى.
پۇشايماننىڭ قاچىسى يوقتۇر،
شۇنداق ئىكەن ھاياتنىڭ غېمى.

# ئۆزۈلمەس رىشتە

چىرمىۋالدى روھىمنى شۇتاپ،
يار ھىدىدىن قالغان ئەسلىمە.
قارچۇقۇمدا رۇخسارى مانا،
شىۋىرلاشتىن قالغان يادنامە.

يىللار ئۆتتى، ئۆتمىدى سۆيگۈ،
سۆيگۈ بىزگە ئەبەدىي كونا.
شېرىن ھايات، شۇنچىلىك شېرىن،
پارچە بەخت توپلانغان گويا.

مۇھەببەتنىڭ سۇكۇتلىرىگە،
سالسا تاڭلار ئاچچىق ئەندىشە.
پۇچىلانسام رازى ئەبەدى،
تومۇرۇمدا ھامان شۇ رىشتە.

ھاياتلىقنىڭ توقايلىرىدا،
روھىم پۇتتى يارنىڭ ئوتىدا.
ئەقىدىنى ساقلاپ ياشايمەن،
يايرىم بەرگەن رىشتە ئوتىدا.

# غەيۋەت

مەن ۋىجدان ئىگىسى دېسەڭ ئۆزۈڭنى،
ئۆزگىلەر كەينىدىن قىلمىغىن غەيۋەت.
غەيۋەتنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ ۋىجدان،
ئىشلىرىڭ تاپمايدۇ ئەبەدىي بەرىكەت.

غەيۋەتنىڭ كەينىگە كىرمە بۇرادەر،
باشلىنار خىيانەت، كېتەر دىيانەت.
شىر كەبى ياشىغىن، ۋىجدان كۈلىدۇ،
غەيۋەتخور تېرىيدۇ پىتنە، مالامەت.

ئادەمسەن ئادەمدەك ئۆتكىنىڭ ئۇلۇغ،
روھىڭدا ياخشىلىق گۈلسۇن ئەرلىكىڭ.
ئەل قوينى گۈلزارلىق، ھوسۇللۇق تۇپراق،
تىرىشقىن، ئەجرىڭدە ياشنار تىلىكىڭ.

ۋىجداندۇر غەيۋەتنىڭ ئوقى — يارىقى،
ئەركەكلەر غەيۋەتنى قىلىدۇ گۇمران.
ۋىجدانىڭ غەيۋەتكە ئاچمىسا يوچۇق،
ئاشىدۇ شۆھرىتىڭ ئەبەدىي ھامان.

# هاراق ۋە ئاقىۋەت

يۈرمە دوستۇم هاراقنى ئىچىپ،
ئەركەكلىكنىڭ شەنىگە چېچىپ.
هەمرا قىلساڭ هاراقنى يەنە،
كېتەر هامان ئامىتىڭ قېچىپ.

يۈرمە دوستۇم هاراقنى ئىچىپ،
كېيىپ بولۇپ، شالىڭنى چېچىپ.
ئامەتلىرىڭ كەتسە قولۇڭدىن،
ئۆلپەتلىرىڭ كېتىدۇ قېچىپ.

يۈرمە دوستۇم هاراقنى ئىچىپ،
لەنەتلەرگە كۆمۈپ يۈرەكنى.
ماختانساڭمۇ نوچى ئەمەس سەن،
يورۇق قىلغىن نۇرلۇق يۈزۈڭنى..

# ئايرىلىش

قېنى ۋەدە، قېنى ئېتىقاد،
قالدى نەدە مۇقەددەس سۆيگۈ؟
ئايدىڭدىكى شېرىن ئەسلىمە،
قالدى نەدە، يوقالدى سەزگۈ!

بىرگە ئۆتسەم كۈلەتتى ئۆمۈر،
بىراق ئۈمىد قالدى يىراقتا.
ئەسلىمىدىن مۇڭغا چۆكىمەن،
چىداش قىيىن دەردكە - ئازابقا.

قېنى نىگار ئاتەش ئوتىدا،
دېرىزەڭدىن تاشلىغان گۈللەر.
سۆيۈپ قويۇپ كەتكەچكە ھەردەم،
ئەلەم بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر.

خوش ئاشىقىم مەندە چارە يوق،
بولدى ئەمدى كۈتمەيمەن سېنى.
كونا جايدا قالغان مۇھەببەت،
بىر ئوت بولۇپ قىينايدۇ مېنى.

# ئېچىنىش

ئۇتالمىدىڭ مىسكىن دىلىمنى،
بىلمىدىڭ ھەم كۆيگەنلىرىمنى.
نەزەرىڭگە ئىلمىدىڭ ئەجەپ،
چىن يۈرەكتىن سۆيگەنلىرىمنى.

ئاشىق ـ مەشۇق تولغان كوچىدا،
ئۆتۈپ كەتتىڭ ئالدىمدىن نەچچە.
بىر قاراپمۇ قويمىدىڭ ماڭا،
ئازابتىنلا بەردىڭ سۆيۈنچە.

باھارىڭغا تەككەن سوغ شامال،
خازان قىلدى ياشلىق گۈلۈڭنى.
تۆكۈپ كەتتى قەلبىمگە ھىجران،
كىمگە دەيمەن يالغان گېپىڭنى.

باھارىڭغا تەككەن سوغ شامال،
ھەردەقىقە چىللايدۇ ئازاب.
كەچمىشىڭگە ئېچىنار يۈرەك،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى قىلساڭمۇ خاراب.

# ئىستىقبالىم

ئىستىقبالىم پارتا – ئورۇندۇق،
جەمگاھىمىز سىنىپ ۋە ياتاق.
ئىستىقبالىم بەختىياشلىق، شوخلۇق،
تۈننى يارغان كۈلكە ۋە چاقچاق؟

ئىستىقبالىم تۈنجى ئۇچرىشىش،
يامغۇر بىلەن يۇيۇلغان كېچە.
ئىستىقبالىم باھار ھىدىدەك،
سەن باغرىمغا سىڭگەن ئۆزگىچە.

ئىستىقبالىم كۈتكەن مىنۇتلار،
زارىقىشتىن پۈتكۈن ئازابلار.
ئىستىقبالىم مەيۈسلۈك ئىچرە،
كەچۈر جېنىم دېگەن جاۋابلار.

ئىستىقبالىم مەكتەپ قوينىدا،
بىزگە كەلگەن ھىجران ۋە سۈكۈت؟
يىللار ئۆتتى ئۆچمىدى ئۈمىد،
دىلدا قالغاچ سۆيۈشتىن ئۈگۈت.

# سۆيۈنۈش

زىمىستاننىڭ قارلىق ئاخشىمى،
ئىزىمىزدا ئېچىلدى گۈللەر.
ئايمۇ بولدى گۇۋاھ ۋەدىمىز –
مەڭگۈ – مەڭگۈ تىلدا كۈيلىنەر.

سۆيگۈ چىرماپ بولدۇق بىر دانە،
ياساپ چىقتۇق قاردىن گۈل يۈرەك.
زىمىستاننىڭ قەھرى ھېچنېمە،
باھار ھىدى سۆيدى ئوت يۈرەك.

قار ئۈستىدىن چىغىر يول ياساپ،
يۈرەكلەردە شوخلۇق كۈلىدۇ.
ناخشىمىدا باھار ئەھيامى،
سوغۇق قارنىڭ باغرى كۆيىدۇ.

زىمىستاننىڭ قارلىق ئاخشىمى،
يېلىنجىدى دىلدا مۇھەببەت.
يار قەلبىدە سۆيگۈ ناخشىسى،
ۋەدىمىزدە ۋاپادۇر ئەبەت.

# قۇتلۇق كۈنۈڭ

ئارمانلىرىم گويا باھاردەك،
ئىزدەپ يۈرەر سېنى ھەر زامان.
تىلەك يوللاپ سەھەر ـ ساباھتىن،
مەن كېلەرمەن يېنىڭغا ھامان.

مۇبارەك يار تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
پاك قەلبىڭگە تولسۇن خۇشاللىق.
قارىغايدەك ئۆمۈر مەنزىلىڭ ـ
ھەر پەسىلدە تاپسۇن نىجادلىق.

ئىشقىڭدا كۆيگەن جېنىڭمەن،
ساداقىتىم يېگانە ئەختەر.
گۈزەل باغلار ساڭا پەيۋەندە،
قۇتلۇق كۈنۈڭ قۇت بىلەن ئۆتەر.

# دوستۇمغا

ئىززىتىڭ بىلگىنكى ئۆزۈڭدە پەقەت،
ئىززەت دەپ ئۆزگىنى قىلما مالامەت.
يەڭ تۇرۇپ ئۆزگىنىڭ چېكىنى قاقساڭ،
كىم بولسۇن ئىززەتتە تاپار ئىناۋەت.

ياخشىلىق ھىدايەت ئەرنى خار قىلماس،
ئۇ بىلەن ھاياتنىڭ ئىشلىرى تىرەن.
مەردلەردىن سورا — بىل ئەقىل - ھېكمەتنى،
ناداننىڭ كەينىدىن سالمىغىن سۈرەن.

يېتەكلە، يولغا سال ئازغان يۈرەكنى،
بىرلىكنىڭ بېغىغا تىرىلسۇن گۈللەر.
تاشلىغىن كەيىپلىك خۇلق، ھەۋەسنى،
ھوسۇلنىڭ كانىغا ئايلانسۇن تەكلەر.

# ئايدىڭ كېچە يازسۇن خاتىرە

بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ جانان،
كۆيگىنىمنى دېمىگەن ئىدىم.
ئۆتمۇش بولۇپ قالدى شۇ ئوقۇش،
ئىچ سىرىمنى بۇگۇنلا دېدىم.

باقار ئىدىم ئىللىق چېھرىڭگە،
ھەر نەپەستە تەلمۇرۇپ شۇنچە.
پىنھان كۆيۈك، يوشۇرۇن سۆيگۇ،
قىيناپ ئۆتەر ئىدى ئالەمچە.

ئارمانلىرىم كەچمىش ئاداقى،
تىنغان سۆيگۇ بۇگۇن ئاشكارە.
ياندۇرمىغىن بەرگەن گۇلۇمنى،
يۇرۇكۇمنى قىلما مىڭ پارە.

ئارمانلارغا قوشۇلسۇن دەرمان،
قاندۇرايلى بىر جۇپ يۇرەكنى.
ئايدىڭ كېچە يازسۇن خاتىرە،
ھەم كۇتەيلى ئالتۇن قوياشنى.

# كۈتۈش

يوللىرىڭغا باقىمەن نىگار،
تىلەكلەرگە ھەمنەپەس بولۇپ.
ئۆكۈنىمەن، كۈتىمەن سېنى،
تۈن قوينىدا ھەۋەسكار بولۇپ.

يېنىك - يېنىك تىۋىشلىرىڭدىن،
سەزگۈلىرىم كېلەر لەرزىگە.
شىۋىرلىشىڭ لەزىز مۇزىكا،
يەتكۈزىدۇ سۆيگۈ ۋەسلىگە.

ئەقىدەمدە ئېچىلغان غۇنچە،
ساڭا تالىق، ساڭىلا نېسىپ.
ساداقەتنىڭ بوستانى قەلبىم،
تونۇۋالغىن يىگىنىدە قېزىپ.

يوللىرىڭغا باقىمەن نىگار،
شېرىن خىيال پەيزىدە ھەر كۈن.
ساڭا تىككەن سۆيگۈ گۈلۈمنى،
ئىگەلمەيدۇ ھەتتاكى كەلكۈن.

# ھىجران

ياتسىرايمەن گۈزەل شەھەردە،
غېرىبسىنىپ يۇرىمەن تىمتاس.
ئانام قالغان گۈزەل يۇرتۇمنى،
ھەر دەقىقە قىلىمەن قىياس.

ھىجران بىلەن ئۆتىدۇ كۈنلەر،
سىرداشلىرىم كېچىپ ئېسىمدىن.
چۈشەنمەيدۇ قەلبىمنى شەھەر،
تەسەللىينى تاپسام يېشىمدىن.

ئەتراپىدا شۇنچە كۆپ ئادەم،
يات كىشىگە سالام بەرمەيدۇ.
ئەسلىمەمدە قالغان چىغىر يول،
قۇچاق ئېچىپ كەل بالام دەيدۇ.

ياتسىرايمەن گۈزەل شەھەردە،
چانقىمدا لىغىلدايدۇ ياش.
بولدى سەندىن كۈتمىدىم ئۈمىد،
تەشنالىقا شۇ ئانام قولداش.

# مۇھەببەتنىڭ ئۇۋىسى

ئانىنىڭ مېھرىدىن كۈلگەچكە ھايات،
دۇنياغا تۆرەلدۇق سۆيگۈ تەپتىدە.
ئاتىنىڭ مەدىتى ھاياتقا قۇۋۋەت،
يارالدى پالۋانلار روھى تەكتىدە.

ئانىنىڭ كۆزىدە يېلىنجار ئارمان،
ئاتىنىڭ دىلىدا غەيرەت، شىجائەت.
چىۋەر قول ئانىدىن، جەسۇر ئاتىدىن،
ئوغۇل ـ قىز جىسمىغا تۆكۈلدى نۇسرەت.

بەزىلەر ئۇنتۇپ ئاتا ـ ئانىنى،
يايرىغا بولدىغۇ سەۋدايى، ئاشىق.
ئاقىللار ئۇلۇغلۇق سىرىنى يەشتى،
ئاتا ھەم ئانىدۇر ئەڭ ئۇلۇغ ئاشىق.

ھاياتنىڭ كەچمىشى چۈشسە بېشىڭغا،
سايىۋەن شۇ ئانا، شۇ ئاتا يەنە.
بەختىڭگە كۆيىدۇ چاقناپ ماياكتەك،
تېپىلماس ئۇلاردەك بىر پەخرى دانا!

# سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن

مېھنەت قىلىپ ئاناڭ يىراقتا،
جاپا چەكسە ھىجران، پىراقتا،
سەن ئويىنىساڭ دىسكو، قاۋاقتا،
سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟

كىملەرنىڭدۇر شېرىن سۆزىگە،
ئاشىق بولساڭ قارا كۆزىگە،
نومۇسىڭنى بەرسەڭ ئۆزگىگە،
سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟

كىرىپ كەتسەڭ كۆڭۈل كەينىگە،
ياشلىقىڭنى قويساڭ مەيلىگە،
يېتەلمىسەڭ بىلىم ۋەسلىگە،
سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟

ھەسرەت مۇكسە قەلب قېتىغا،
مىننۇۋالساڭ كۆزنىڭ يېشىغا،
توپا سالساڭ خەقنىڭ ئېشىغا،
سەن ئاناڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟

# سەبىي باللار

شۈنچە سەبىي ئوماق باللار،
كەپسىز چۈنكى ئەقلىي چاللار.
نەگە بارسا قارشى ئېلىنار،
ئارمىنى يوق خۇشال تۇيۇلار.

ئويۇن دېسە بېرىدۇ جاننى،
ئۇنتۇلىدۇ تاماق ۋاقتىنى.
تايچاق بولۇپ سەكرەيدۇ تىنماي،
بىلمىگەچكە راستنى، ساختىنى.

بوپتۇ كۆلسۈن دەۋر ئۇلارنىڭ
سىڭەر بىر كۈن تۇرمۇش يولىغا.
هايات نېمە چۈشۈنەر هامان،
چىققان چاغدا كەتمەن قولىغا.

هايات يولى سوراق سورايدۇ،
كەپسىزلىكنى بىر - بىر تورايدۇ.
بولۇپ بىر كۈن ئاتا هەم ئانا،
باللارغا بىزدەك قارايدۇ.

## نەسىھەت

ئالدانما بۇرادەر نازغا، خۇلۇققا،
ساختىلىق گۈلىنى بەرسە قولۇڭغا.
سۆيگۈنى سودىغا قىلىپ تەۋەللۇت،
كىرسىمۇ سەن بىلەن ئوتقا، دوزاخقا.

ئۆزگىنىڭ يايرىغا قىسما كۆزۈڭنى،
مۇھەببەت مېھرىدىن تۆكۈلمىسۇن ياش.
يوشۇرۇن سۆيگۈنىڭ جەۋرىسى تولا،
تېگىشمە غۇرۇرنى لاتقىغا ئاداش.

بول گاداي، بايۋەتچى، پۇلدار ئەمەلدار،
سۆيگەن يار ئوتىدا پەرۋانىدەك كۆي.
سىرداش بول، ھەمراھ بول قەلبىڭ قېتىدىن،
ۋاپانىڭ گۈلىنى سۇغار، ھەردەم سۆي!

# ياشا

ياشا ئوغۇل، ئەركەكتەك ياشا،
ئەجىر، ئەمگەك كۆكىدە ياشا.
تەكەببۇرلۇق قالسۇن يىراقتا،
جەسۇرلۇقنىڭ شەنىدە ياشا.

ياشا ئوغۇل، ئەركەكتەك ياشا،
ئادىمىيلىك دالاسى كۈلسۇن.
ئەل قەلبىگە بولۇپ نۇر ـ قوياش،
ئەجدادلارنىڭ قەدرىنى قىلسۇن.

ياشا ئوغۇل، ئەركەكتەك ياشا،
دىيانەتنى يار قىلىپ ئۆتكىن.
مېھىر بېرىپ قولى قىسقىغا،
ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يىگىن.

ياشا ئوغۇل، ئەركەكتەك ياشا،
ئارسلاندەك ئۆتكۈزگىن هايات.
ئەل كۆتۈرسۇن داڭقى، شەنىڭنى،
قۇچاق ئاچسۇن كەڭرى كائىنات.

# سورىمايمەن سەندىن سەدىقە

سورىمايمەن سەندىن سەدىقە،
سۆيەلمىسەڭ بولدى قىل پەقەت.
سېنى دەپلا سوققان يۈرۈكۈم،
شادلىقىڭغا تىلەيدۇ ئامەت.

ھاجەت ئەمەس يالغان تەبەسسۈم،
ئۈچراشقاندا قىلغاندا سالام.
سېنىڭ ئۈچۈن تىلەيمەن بەخت،
تامالاردىن يىراق يۈرۈكۈم.

گۈزەل سەھەر ھىدى گۈللەرنىڭ،
قارچۈقۈمنى ئەتكەندە باخاش.
باشقا جانان ساقلاپ تۈرۈپتۈ،
نەھاجەتتۈر سەندىن ھېتىرقاش.

ئۈنسىز دەملەر، چەكسىز خىياللار،
مۈڭغا سۆرەپ كىرگەندە مېنى.
سەندىن ئۈمىد ئۈزدىغۈ كۆڭۈل،
قەدىرلەيمەن سەندىن باشقىنى.

خىلۋەتتىكى ۋىسال پەيتىدە،
شىۋىرلاشتىن قالدى ئەسلىمە.
شۈنچە مەھكەم قۈچاقلىسا ئۈ،
ئىستەكلەرنى ئەمدى قەستلىمە.

# سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش

پۈراپ باقتىم لالە رەيھاننى،
سېنىڭكىگە ئوخشىماس بىراق.
ياردىن گۈزەل لاتاپەت قايدا،
مۇھەببەتسىز ياشنىماس تۇپراق.

ئايغا ئوخشاش دېسەم يار سېنى،
باھاردىكى سالقىن كېچىدە.
سەھەردىكى شېرىن چۈش بولۇپ،
پورەكلەيسەن چىمەن ئىچىدە.

ئېرىقتىكى زىلال سۇ كەبى،
ھۇجۇدۇمغا سىڭگەن چېغىڭدا.
نەدە ئارمان ياشىساق بىللە،
كۆيۈپ ئۆتسەم سېنىڭ ئىشقىڭدا.

ئىشقىم بولغاچ يۈرەك كۆيىدۇ،
ھىد چاچىدۇ روھىمدا بەخت.
سۆيۈلۈشتىن، سۆيۈشتىن ھەر تاڭ،
يارىلىدۇ ماڭا تاج ـ تەخت.

# ئۈمىد

نىگار سېنىڭ گۈلگۈن قەلبىڭنى،
چەكسەم دەيمەن ئۈمىد ئىچىدە.
تۆكەرسەنمۇ مېھرىڭنى ماڭا،
يا كېتەمسەن رەنجىپ شىپپىدە.

كۆزلىرىڭگە باقسام تەلمۈرۈپ،
تۇيغۇلىرىم ياسايدۇ ئۆركەش.
باسماي تۇرۇپ باغرىمغا سېنى،
يۈرۈكۈمدە ئۆرتۈنەر ئاتەش.

كىرسەڭ ئەگەر چۈشۈمگە جېنىم،
كۈتەر ئىدىم سېنى قانچە تۈن.
شامال ئېلىپ كەلدى ھىدىڭنى،
گۇۋاھ بولدى ئاڭا قوياش ـ كۈن.

ھاياتلىقنىڭ توقايلىرىدا،
ئازابلارنىڭ چىغىر يولىدا.
ھەمراھ بولسام ھەتتا جاپادا،
رازى ئىدىم سۆيگۈ يولىدا.

ساداقىتىم گۈلخان ئاداققى،
نىگار ساڭا چەكسىز رەۋىشتە.
دىل تارىڭنى چېكىمەن ھەرئان،
ئۈزۈلمەيدۇ بىزدىكى رىشتە.

# ئالدىما قىز

ئەقىدەمگە كۆلۈپ قويىسەن،
ئاڭلىمايسەن شېرىن سۆزنى ھېچ.
كۆزگە ئىلماي ئارمانلىرىمنى،
سۆيگۈمىزگە ئۇرىسەن قىلىچ.

بولدى دەيسەن يوللىسام بەخت،
چاقىرىسەن كەتكەندە يىراق.
قانداق ئويۇن ئوينىماق بولدۇڭ،
راست گېپىڭنى ئېيتقىنە قىزچاق.

سۆيگۈ ئەمەس پەقەت سۆيۈشلا،
ئاڭا لازىم سادىق نەپەسلەر.
دىل رىشتىگە راستلىق پاياندار،
ئېچىلغاندەك بۆككىدە گۈللەر.

ئالدىما قىز ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ،
نابۇت قىلما سۆيگۈ گۈلىنى.
ئۈمىدلەرنى كۈتمىدىم سەندىن،
ئاجىز قىلما ھايات ھۆلىنى.

# دادا

ئۇمىدلىرىڭ نۇرلىنار دادا،
باسقان ئىزىم، ماڭغان يولۇمدا.
ئەجرىڭ ئۇلۇغ، مېھنىتىڭ ئالتۇن،
ئۇتۇقلاردا، غەلىبە يولۇمدا.

كايىپ كېتەر ئىدىڭ گاھىدا،
كەپسىزلىكتىن چىقارسام قىلىق.
بىلدىم ئەمدى گۇناھ مەندىكەن،
ئەسلىي خۇلق ئىكەن بالىلىق.

تاياق ئېلىپ سۇرسەڭ بەزەن،
قاچار ئىدىم يىراق، يىراققا.
كۆرەر ئىدىڭ يەنىلا ياخشى،
غەزىپىڭنى بېسىپ پىراقتا.

ئۇرغىن دادا، تىللىغىن مېنى،
رەنجىمەيمەن سېنىڭدىن بۇگۈن.
سەندىن قالغان بۇيۇك ھۈنەردىن،
مىسرا تىزدىم، يېشىلدى تۇگۈن.

ئانىلارغا ئوقۇپ مەدھىيە،
دادىلارنى ئەسكە ئالمىدۇق.
كائىناتنى ئاختۇرۇپ بىر - بىر،
دادىلاردەك ئامەت كۆرمىدۇق.

# ئىزا تارتامسەن

مەن قارىسام كۆزۈڭ قاچىدۇ،
لېكىن سۆزۈڭ باردەك قىلىدۇ.
كۆزلىرىڭدىن كەلگەن نۇر ـ زىيا،
ۋۇجۇدۇمنى يەكسان قىلىدۇ.

سەن يېنىمدىن ئۆتكەندە جېنىم،
يۈرۈكۈمنى چېكىپ ئۆتىسەن.
ئىزا ئارىلاش سوئاللىرىڭدا،
جاۋاب بىلەن مېنى كۈتىسەن.

كۈلۈپ تۇرغان زىناقلىرىڭدا،
مۇھەببەتتىن كېلىدۇ سادا.
ساداقەتنىڭ گۈلى سەن ئۈچۈن،
ئەقىدەمنى قىلمىغىن جۇدا.

# ئۇزاتمىغىن

ئۇزاتمىغىن مېنى دىلدارىم،
كۆز يېشىڭنى كۆرگۈم يوق پەقەت.
كېتىپ قالاي تىڭشىسىز ئاستا،
چىداي ئەمدى سۇلسۇن ھەقىقەت.

يوللۇق تۇتساڭ يوللۇقۇم بولغاي،
مەنزىلىمدە قالماسمەن يالغۇز.
سەن قەلبىمدە ياسىغان ئۇۋا،
ئەمەس سۆيگۈ سېسىغان يالپۇز.

تىترەك باسقان يۇمران لىۋىڭگە،
ئازاب قونۇپ قالسا ناۋادا.
چىدىيالماي يىغلار يۈرەكۈم،
چېھرىڭدىكى گۈزەل باغلاردا.

ئۇزاتمىغىن كېتىمەن يالغۇز،
شائىر سۆيگەن تاتلىق مىسرادەك.
سەن ئاغرىنساڭ يۈرەك مۇجۇلار،
كېتىپ قالساڭ دەيمەن شامالدەك.

# ئاياللار دۇنياسى

سىر ئىچىدە ياشايدۇ ئايال،
ھېكمىتى جەم جۇشقۇن ھاياتنىڭ.
قەترىلەردىن پۈتۈلگەن ۋۇجۇد،
دىل قەسرى كانى لەززەتنىڭ.

بىلمەك بولساڭ ئايال زاتىنى،
ئىزدەپ باققىن ئۆمۈر ۋەسلىدىن.
غۇرۇر، ۋىجدان، ئەخلاق، دىيانەت،
كەلگەن ئۇلار خۇلقى ئەسلىدىن.

ئايال بىلەن زىمىستان باھار،
بولۇپ كەلدى ئائىلە جەننەت.
گەر ئايالدىن ئايرىلسا ھەركىم،
ماتەم بىلەن كەلدى مالامەت.

ئۆتەر ھايات كۈلۈپ ۋە يىغلاپ،
ئايالارغا بېقىپ ئۈمىدتە.
قوشاق يېزىپ ماختايدۇ شائىر،
بولغاچ سۆيگۈ ئوتلۇق يۈرەكتە.

# سۆيگۈم بار، بىراق ...

كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىڭگە،
زوقمەن بولۇپ ئۆتىمەن قاراپ.
خىياللارغا كېتىمەن سىڭىپ،
دولقۇنلىغان چېچىڭنى تاراپ.

خىيالىڭغا قونغان قۇشلارغا،
دېگۈم كېلۇر يۈرەك سۆزۈمنى.
تاشقىن ھامان سەن ئۈچۈن ئارمان،
ئايان قىلسام دەيمەن قەلبىمنى.

ياندىشىمەن نازۇك ھېسلارغا،
تىنىقلاردا بەزلەپ روھىمنى.
لىۋىمدىكى كۆيۈك ئىزلىرى،
ئوۋلاپ كېتەر روھىڭغا مېنى.

سۆيەلمىدىم سېنى گۈزەل قىز،
بىلمىدىڭ ئارىمىز يىراق.
بىر شەھەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ،
دېيەلمىدىم سۆيگۈم بار بىراق.

# سەن كىم

بۇردا نان سەن ئۇچۇن ئەمەس ئوشۇقچە،
يوقلۇقنىڭ دەردى كۆپ، ئۇنۇتما ئاداش.
تېگىشىپ ئاشلىقنى ئىسقا ـ تۇتۇنغە،
تاماكا چەككىنىڭ ئۆزۈڭنى ئالداش.

ھالسىراپ قۇرۇسا بىراۋنىڭ لېۋى،
قەددىنى پۈكىدۇ تۇرمۇشنىڭ غېمى.
غەم بىلەن پۈتمەيدۇ ھۇلى ھاياتنىڭ،
سايرىماس دۇتتارمۇ تاپمىساڭ ئېپى.

رېستوران، قاۋاقتا خەجلەندى پۇللار،
ئىشرەتكە ئاقتىغۇ ئالتۇن، كۆمۈشلەر.
ئوقۇشسىز قالسا گەر گۇدەك يېتىملەر،
كەلگۈسى ياڭرىماس خۇشلۇق، كۇلكىلەر!

غىزانى بۇيرۇدىڭ تەمەننا قويۇپ،
يېيىلمەي تۆكۈلدى سۇپەتلىك تائام.
ئۇنتۇلدۇڭ ئاچ قالغان يېقىن ئۆتمۈشنى،
بەتخەجلىك قاپلىدى سورۇننى تامام.

باي بولدۇڭ كىيىرنى تاشلا بۇرادەر،
قولۇڭنى سۇن يېتىم ئوغۇلغا، قىزغا.
ئوقۇسۇن مەكتەپكە بېرىپ شادىمان،
ئۆل سالسۇن ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىغا.

كۆكلىمەس دەرەخمۇ بولمىسا يىلتىز،
يىلتىزغا يېتەرلىك بولمىسا قۇۋۋەت.
قۇۋۋەت بول قۇۋۋەتسىز ئاجىز، مىسكىنگە،
كېلىدۇ خۇشاللىق، كېلىدۇ ئامەت!



## بىمارغا سۆز

دېدى بىرسى كېلىپ يېنىمغا:
بىر دوستۇم بار ئىدى كاتتا باي
بايلىق ئۇچۇن قىلىدۇ سەجدە،
قىلىقلىرى گادايدۇر ـ گاداي.

دېدىم: بىلگىن «خۇيى» بار ئادەم،
ئىچى بەك تار، قۇترىتار ھەسەت.
كىم بايلىققا ھېرىسمەن ئەمەس،
مۇستەسنالىق ھامان ھەقىقەت.

پۇلى بولسا بولسۇن سېنىڭمۇ،
كۆيدۇرمىگەن قەلب گۈلۈڭنى.
مەجرۇھلۇقنىڭ گۇمران پىچىدا،
يوقاتمىغىن ئەجىر، تۆھپەڭنى.

# كۆيۈك

ئەي گۈزەل قىز ئۈزنىڭ ئۈزسەن،
نازلىرىڭدىن توزنىڭ ئۆزسەن.
كۆزلىرىڭدە ساماۋى ئەختەر،
چېھرىڭ گۈلگۈن گۈلنىڭ گۈلسەن.

مەن تەلمۈرۈپ باقسام يولۇڭغا،
ئاي نۇرىنى باشلاپ كېلىسەن.
ۋۇجۇدۇمنى كاۋابدان قىلىپ،
يۈرىكىمنى قوقاس قىلىسەن.

مۇھەببەتنىڭ سۆيگۈ دەرياسى،
ئەسلىتىدۇ گۈزەل چاغلارنى.
قېنىۋالسام دەيمەن دىدارغا،
سەيلە قىلىپ قۇچسام پىۋالنى.

# پەقەت سىنى سۆيىمەن شۇنداق

جىسمىڭ گۈزەل تۇزدۇر مىسالى،
قېشىڭ قارا بەئەينى قۇندۇز.
تەشنا قەلبىم قانار سەن بىلەن،
سەنسىز بۇ تەن گويا مەجرۇھتۇر.

گۈزەللىكىڭ ـ سۆلىتىڭ خالاس،
ئەلا ماڭا نومۇس، غۇرۇرۇڭ؛
گۈزەللىكىڭ ھەغداسى ئەخلاق،
دېيەلەيمەن كىرسىز يۈرىكىڭ.

ياخشى كۆردۇم، سېنىلا سۆيدۈم،
سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا گۈزەل.
ئەقىدەڭدە بولدۇم پەرۋانە،
ماختاپ سىنى ئوقۇيمەن غەزەل.

# ئارمان

تاڭ سەھەر گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ يالغۇز،
قارايمەن يولۇڭغا كۆزۈمدە ئاتەش.
يۈرىكىڭ مۇزمۇدۇ دەيمەن ئۆزۈمگە،
بىرەلمەي بەزىدە ھەسرەتكە بەرداش.

ئۇچراشسا كۆزىمىز قاچىدۇ ئارمان،
نە سوئال، نە سۆزگە كەلمەيدۇ تىلىم.
مادار يوق پۇت ـ قولدا بوشاپ ئۆزىچە،
بىلمەيمەن تۇيۇقسىز تىترەيدۇ تېنىم.

روھىڭدا گۈل بولۇپ ئۈنۈش، كۆكلەشنى،
تىلەيمەن دىل پاكلىق ئەۋجىدە ھامان.
بىر كۈنى يەتكەندە ۋىسال پەيتىگە،
قالمايدۇ ياشلىقتا كۆمۈلۈپ ئارمان.

# پەقەت

دۇنيانى چۈشەندىم، مېھرىدە ھېكمەت،
ئىنتىلىپ ئۆتەركەن ئەقىلدار ئەركەك.
مۇشكۇلدە ئاسايىش، شادلىقتا گۈلخان،
قەلبتە ھېسابسىز ئارمانۇ ـ تىلەك،

ياشىدىم تىرىشىپ تالمىدىم ھەرچاغ،
ھۇسۇلدىن تاغ بولدى چەشلەر ئاجايىپ.
غالىبلىق تەقدىرنىڭ قايچىسى ئەمەس،
ھەر ئىشقا قوللانساڭ تەدبىر مۇناسىپ.



# يار سېنى ئەسلەپ

مېنى تاشلاپ ھەسرەت ئۆتۈڭغا،
كېتىپ قالدىڭ ئەي گۈزەل جانان.
كۆز ياشلىرىم بولسىمۇ دەريا،
سېنى ئەسلەپ تۇرىمەن ھەرئان.

سېغىنىشنىڭ كۈيى - ئوتىدا،
كۆزۈمدە ياش تەلمۈردۈم ساڭا.
بەخت تىلەش مەن ئۈچۈن بەخت،
ئەسلەش ھۇزۇر، ئۆتۈقتۇر ماڭا.



# مەيلىمۇ

ئەي گۈزەل قىز ئىسمىڭ لەيلىمۇ،
كۆيۈپ يۈرسەم ساڭا مەيلىمۇ.
ۋاپا ئىزدەپ بارسام يېنىڭغا،
ماڭا جاپا كەلسە مەيلىمۇ؟

ئۆزۈڭ نازۇك، ئىسمىڭ لەيلىمۇ،
ئىشق ئوتۇڭدا كۆيسەم مەيلىمۇ.
يېتەلمەستىن ئايدەك ۋەسلىڭگە،
ئارمان بىلەن يۈرسەم مەيلىمۇ؟

ئۆزۈڭ لىۋەن، ئىسمىڭ لەيلىمۇ،
ساڭا سوئال قويسام مەيلىمۇ.
ئەجرىمىزنىڭ مېۋە ـ قەنتىدىن،
بىر نان تاپساق بىللە يەيلىمۇ.

# چىدامسەن

كۆن چۈشكەندە بىشىڭغا يارىم،
زارلانماستىن چىدىيالامسەن؟
ئاق نان تۆگەپ، زاغرا قالغاندا،
ھەمدەم بولۇپ چاينىيالامسەن؟

زىمىستاندا قالساق تالادا،
بېرەلەمسەن جۇدۇنغا بەرداش.
مېھىر بىلەن ئاتاپ بارىڭنى،
سۆيەلەمسەن چىققۇچە قۇياش.

گەر مۆشكۆلدە قالسام ھالسىراپ،
يۆرىكىمگە سالامسەن يۆرەك؟
بولسىمۇ گەر مۇساپە ئۇزۇن،
بولالامسەن مەدەتكار — يۆلەك؟

# پۇشايمان

بىلگەنىدىم كۆيگىنىڭنى ئەي جانان،
خۇلق، نازىڭ، سۆزلىرىڭدىن، كۆزۈڭدىن.
ئۆتتى يىللار، كەتتى ياشلىق نە قىلاي،
بىلدىم ھەسرەت تۇتقان چاغدا ئوڭ ـ سولدىن.

يۈرىكىڭدىن پاك مۇھەببەت ئوخچۇيدۇ،
نەرە تارتىپ ۋاپا بىلەن ئەقىدە.
نەزىرىمنى تارتىۋالغان بىر ئۆزۈڭ،
ئالداپ قويۇپ قاراڭغۇدا، كېچىدە.

يۇتۇۋالدىم دەرد ـ ھەسرەتنى يەتكىچە،
قەدرىڭ ئۆتتى، پۇشايمانغا نە چارە.
قايتىپ كەلسە ئىدى ئاشۇ پۇرسەتلەر،
ھايات پەيزى سۈرۈر ئىدىم ئالەمچە.

# سۆيەمدۇ مەندەك

ئەقىدە گۈلىنى ساڭا سۇنغاندا،
پەرۋاسىز قارىدىڭ سۆيگۈمگە قىزچاق.
مەنسىتمەس كۈلكەڭدىن كېلىدۇ ئەلەم،
ھەرقانچە ئۆزۈڭنى سەزسەڭمۇ ئويغاق.

سەن ئۈچۈن ئەقىدە قىلىپلا كەلدىم،
بىلمىدىڭ، بىلىدۇ تەبىئەت بىر ـ بىر.
يامانكەن پىراقنىڭ دەردى ـ ئازابى،
ئۆزگىلەر كۈلگەندە تىترىدىم دىر ـ دىر.

جاھاندا سەن كەبى گۈزەللەر تولا،
ۋە لېكىن مەن ئۈچۈن ئىدىڭ بىرلا سەن.
ئەل قىلاي ئەقىدەم كۈلسۇن دېسەممۇ،
چوڭ بىلىپ كەتمىدىڭ دىل قېتىدا سەن.

ئاشىقنىڭ دەردى كۆپ، بىلەمسەن قىزچاق،
سېنى كىم سۆيىدۇ، سۆيىدۇ مەندەك.
مېھرىڭ يېپىنى باغلىدىم ساڭا،
يەتكۈزدۈم ئەقىدە تاتلىق ناۋاتتەك.

# ئېيت

ئېيتقىن جېنىم، راست گېپىڭنى ئېيت،
دىلىغۇللۇقلار قىلمىسۇن تىت- تىت.
كېلەلەمسەن چاقىرمىسامۇ،
ئارىمىزغا تاشلانسىمۇ چىت؟

ئېيتقىن جېنىم، راست گېپىڭنى ئېيت،
ئازاب ئەزسە بولمىغىن شېرىك.
شېرىك قىلساڭ ھەسرەتلىرىڭگە،
بولۇر ئىدىم رازى جان كېچىپ.

ئېيتقىن جېنىم راست گېپىڭنى ئېيىت،
ئەنسىرەتمە سۈكۈت ئىچىدە.
ھەسرەتلەرگە ئېچىن، ئويلىما،
مەن يېنىڭدا قولداش ئۆلگۈچە.

# سۉيگۅ دېگەن...

پاك سۉيگۅم، ۋاپاعا ئۅرساڭمۅ قىلىچ،
ئۉلمەسمەن دەرد تارتسام ئىشقى ئۅتۅڭدا.
يىگانە بىلگەچكە مەپتۅنۅڭ بولدۅم،
گەر سۉيگۅم بولسىمۅ خاراب دىلىڭدا.

سۉيگۅنۉڭ چېكىدە خاسلىقى ئۅلۅغ،
سۉيۅشلا مەنىسى ئەمەس ئەسلىدە.
كەتسەڭمۅ يىراققا دىلىمدا رىشتىڭ،
كۅتمەن يەنىلا سۉيگۅ ۋەسلىدە.

# گۇناھىم بار

مۇھەببەتنىڭ گۈلى قانچە بىلەلمەستىن،
سۈيمەن دەپ يۈرگەن شۇ گۇناھىم بار.
ساراڭلاردەك كۆيۈپ ساڭا دېيەلمەستىن،
تال بويۇڭنى ئىگەلمىگەن گۇناھىم بار.

گۆدەك، سەبىي نادانلىقنى ياشلىق يۇدۇپ،
ئېلىپ كەتتى دىشۋارچىلىق گۇناھىم بار.
تاڭلار يورۇق، دىل قاراڭغۇ ئۆتتى ھايات،
كۆرگۈلۈك كۆپ، بەرگىنى ئاز گۇناھىم بار.

تۇرمۇش غېمى مۇھەببەتنى قىلسا پايخان،
ئاچچىق يۇتقان سەرسان روھىم گۇناھىم بار.
يالقۇن كەبى كۆيۈۋاتقان ئىشقىم بىلەن،
سەن جېنىمنى سۆيەلمىگەن گۇناھىم بار.

# ئاپىرىن

ئاي يۈزۈڭدە نە ساختىلىق ياكى پەرداز يوق گۈزەل،
كۆزلىرىڭ ئويناق بۇلاق، نۇرلىرى چولپان گۈزەل.
چىشلىرىڭ دۇردانىدۇر، لەۋلىرىڭ غۇنچە گىلاس،
ئۈزلىقىڭغا ھەممە قايىل، پاكلىقىڭغا ئاپىرىن.

گۈل ھۆسنىڭگە ياراشقان قارا قۇندۇز چاچلىرىڭ،
دانە ـ دانە زەپ ياراشقان كىرپىكىڭ ھەم قاشلىرىڭ،
تەمكىنلىكىڭ، ئۈزلۈقۈڭ ئۈلگە بولار ھەممىگە،
ساقلاپ قالغان ئەسلىڭگە، غورۇرۇڭغا ئاپىرىن.

سەندە كۆردۇم ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىي ـ ۋەسلى كانىنى،
ئەدەب ـ ئەخلاق، ھايانىڭ تۇمارىنى، بارىنى.
زوقلىنىدۇ كۆرگەندە زىكرى قىلىپ ھەركىشى،
ئەلنى قايىل، لال قىلغان ئەنئەنەڭگە ئاپىرىن ...

# كىمدىن سورايمەن

ئەلەم تولدى ئۆتلۈق يۈرەككە،
مۆڭداش يوقكەن ئارمان ـ تىلەككە.
يېتەلمەستىن دەرمان ـ يۆلەككە،
تەسەللىنى كىمدىن سورايمەن؟

ۋاپا ئۆچۈن قىلسام ئەقىدە،
ئەجىر قىلىپ كۈندۈز ـ كېچىدە.
هايات قويسا بۈنىمۇ يەردە،
بۇ سەۋەبنى كىمدىن سورايمەن؟

ياخشىلارغا يېتەلمىگەندە،
ئىگىز ـ پەسنى كۆرەلمىگەندە،
راۋان يولدا يۈرەلمىگەندە،
ئۆشبۇ دەردنى كىمدىن سورايمەن؟

يار ئۆتىدا كۆيگەنلىرىمنى،
سورا ئارتلاپ يۈرگەنلىرىمنى.
بىهۇدە ياش تۆككەنلىرىمنى،
رايىش بولۇپ كىمدىن سورايمەن؟

# بالام دەپ

«بالام» دەپ بېشىڭدا كۆتەردىڭ دادا،
قىلمىدىم مۇناسىپ خىزمەت جايىدا.
ئۆي غېمى، تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىدا،
يانتاياق بولمىدىم غەپلەت ئويقۇدا.

«بالام» دەپ ياشلىقىڭ، شاشلىقىڭ كەتتى،
ماغدۇر يوق پۇتۇڭدا ساما ئويناشقا.
بۇركۇتتەك شۇ قىران چاغلىرىڭ ئۆتمۇش،
تېپىلماس سەن كەبى چۇشكەن چېلىشقا.

سەن بولغاچ بەختىم گۈل، خۇشال ياشايمەن،
سەن ئۈچۈن دۇنيادا بەخت گۈلىمەن.
مەيلى مەن شاھ بولاي ۋەياكى گاداي،
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ بالىمەن.

گەرچە سەن چۇشسەڭمۇ ھاسا ـ تاياققا،
ھاياتنىڭ يولىدا بەردام دادىسەن.
مۇدۇرسەم تۇرمۇشنىڭ پاتقاقلىرىدا،
مەن ئۈچۈن قول ـ قانات، يېگانىدۇرسەن!

# بالام

ئۇمىدىمسەن، بەختىمسەن بالام،
خۇشاللىقىم، بەختىم سەن بالام.
ۋۇجۇدىمنى سۆيۈندۈردۈ،
ئىشقىڭ سالغان سەۋدالىق بالام.

كىچىك چېغىڭ — غۇبارسىز پەيتىڭ،
ئاڭا ئاداش بولماق مۇرادىم.
كۆلكەڭ ھەردەم جانىنىڭ ئوزۇقى،
بەخت تىلەش مېنىڭ مۇرادىم.

مۇرادىڭغا يەتسەڭ ئەي بالام،
كۆككە يېتەر داداڭنىڭ بېشى.
ئىشلىرىڭغا بەرىكەت تىلەيدۇ،
يۈرىكىمىز ئاڭا كۆيچىسى!

# كەلمىدىڭ

يار يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
يۈرەكنى ھەم يارغۇدەك بولدۇم.
كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ ئەجەب،
يالغۇزلۇقنىڭ داغىدا قالدىم.

يار يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
ساقلىدىم ئاھ! تاقەت پۈتكىچە.
دىلىم سۆسىز يېرىلدى چاك ـ چاك،
ئۇنتۇلماسمەن تاكى ئۆلگىچە.

# تىرىشقىن

قېنى سېنىڭ مەردانە روھىڭ،
چېلىشلاردا رېكورتنى بۇزغان،
بۈگۈن مانا مۇگدەك بېسىپتۇ،
مەستلىك ساڭا قۇرۇپ بىر قاپقان.

ئەمەس بۇنداق تومۇردا ئاققان،
ئاتاڭ روھى، ئاناڭنىڭ قېنى!
ھاياتىڭنى سۆيمىسەڭ ئۆزۈڭ،
بىلىدۇ كىم، سۆيىدۇ سېنى.

ئوغۇل بولساڭ ياشا داداڭدەك،
مېھنەت بىلەن ئاچقىن يولۇڭنى.
بولسۇن ساڭا غۇرۇر دەسمايە،
تىرىشقانلار تېشىدۇ تاغنى!

# سۆيگۈ قالسۇن

ئۇچراتسام مەن سېنى يەنە بىر نۆۋەت،
ياندۇرما قەلبىمدە ئاداقى پۇرسەت.
راست بولسۇن ۋەدىمىز سۆيگۈگە مەڭگۈ،
سۆيگۈنىڭ ئورنىنى باسمىسۇن نەپرەت.

تاقەت قىل ئىستەكتە ئۆتسىمۇ كۆڭۈل،
كۆزۈڭدە بولمىسۇن يېشىڭ رەسىدە.
بولالماي قالساڭمۇ تۈنلەردە مۇڭداش،
ئارمىنىم سەن بىلەن قالغان رىشتىدە.

لېۋىڭنى بەرمىسەڭ ئۆرتەنگىنىم يوق،
رازىمەن قەلبىمدە سۆيگىلا قالسا،
بەختىنى چاچارمەن هايات يولۇڭغا،
چىدارمەن يۈرىكىم ھەسرەتكە تولسا.

ئۇنتۇما سۆيگۈنى سۆيگۈلا قالسۇن،
ئارمانغا گۇۋاھ ئۇ دەرمانغا پۇرسەت.
ياشلىقتا، شاشلىقتا قالغان ئەسلىمە،
قوشىدۇ هاياتنىڭ پەيزىگە لەززەت.

2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي، قەشقەر

# ئاشىق قەلبى

بىلەمسەن، بىلمەمسەن قەلبىمدۇر خاراپ،
سىرداش دەپ تاللىدىم بىمەززە شاراب.
شارابنىڭ دەردى كۆپ، ياخشىلىك كەلمەس،
ۋەلېكىن ئازابنى ھەيدەيدۇ ئالداپ.

شارابنىڭ بەندىسى ئەمەس مەن لېكىن،
مەست بولۇپ ئۇنتۇلاي دەيمەن ئازابنى.
ئوت ئىدىڭ قەلبىمدە ئۆچمەس جانانىم،
ۋەسلىگە يەتكۈزگىن دەيتتىم پىراقنى.

تىلەمچى ئەمەسمەن، مەيپۇرۇچمۇ ھەم،
مەشت بولۇپ ئۆزگىدىن سۆيگۈ سورىغان.
سۆيمىسەڭ مەيلىڭ ئىختىيار سەندە،
ۋاپاغا جاپانى كىملەر سورىمىگەن؟

2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، قەشقەر

# ئىشقىمدا باھار يوق نىگارىم سەنسىز

ئاشىقلىق ھىجرانى، دەردى يامانكەن،
گەر جاپا بولسىمۇ سىنىلا كۈتەي.
ئارمانلار ئۇقچىغان ئوتلۇق مىسرادىن،
روھىڭغا كۆز تەگمەس تۇمارنى پۈتەي.

ۋىسالسىز كەچلەرنىڭ پىراق ئوتىدا،
يولۇڭغا تىۋىنىپ باققىنىم باققان.
ئوت يۈرەك شائىردەك كۆيچى پىقىرمەن،
ئىلھامدىن مىڭ بۇلاق كۆزىنى ئاچقان.

چىكىسەن يۈرەكتىن جاۋاب ئالاي دەپ،
سۈكۈت ھەم ھىجرانىنى قويماي جاۋابسىز.
قەلبىمنى يورۇتقان قۇياش سەن، قۇياش،
ئىشقىمدا بازار يوق نىگارىم سەنسىز!

2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قەشقەر

# ياتلاشقان يار

لەۋ تەككۈزۈپ روھىمنى ئالداپ،
سالدىڭ يۈرەك قېتىغا ئوتنى.
ئۆزگىلەرگە بېرىپسەن كۆڭۈل،
كېپىنەكنىڭ ئېلىپ خۇيىنى.

ساڭا يانغان ئەقىدەم ـ سۆيگۈم،
يانغان پېتى تېخى ئۆچمىدى.
لەۋ ياققاندا قالغان ئەسلىمەڭ،
قەلبىمدە بار تېخى كۆچمىدى.

ياتلاشساقمۇ قاراپ يولۇڭغا،
سۆيگۈ ئوتى پۈركۈپ تۇرىمەن.
كۆز ياشلىرىڭ ئاقسا ناۋادا،
ياغلىق بولۇپ پاكىز سۈرتىمەن.

# نازلىرىڭدىن قىينالدى جېنىم

ۋاپا بىلەن باغلاپ ئەقىدە،
چىن يۈرەكتىن سۆيدۈمغۇ سېنى.
بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىپ،
نە سەۋەبتىن قىينايسەن مېنى.

باغ ئارىلاپ گۈلدەستە تىزسام،
تىكىنى بار دېدىڭغۇ يارىم.
ئالداشلىرىڭ يېتەر ئەمدى بەس،
نازلىرىڭدىن قىينالدى جېنىم.

# گۇناھ ئۆزۈمدە

سۆيدۇم سېنى پەرىزات بىلىپ،
ۋەسلى جاننى ـ بارىمنى ئاتاپ.
مۇمكىن ئەمەس ئىدى ئۆنۈتۇش،
چاچلىرىڭنى چۇشۇمدە تاراپ.

بىراق شۇ چاغ چۇشۇپ ئارىغا،
نازى بىلەن قاش ئېتىپ شەيتان.
ناخشا ئېيتتى چۇشتۇم ئۇسسۇلغا،
ھەم بۇزۇلدى مەندىكى مەيدان.

مانا بۇگۇن قالدىم ھالسىراپ،
مالۇ ـ مۇلكۇم تۇگىدى تىمتاس.
دەرد تۆكەرمەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
غۇرۇرۇمدىن تۇكۇلەر كۆز ياش.

# ئۆمۇر سىداملىرى

چاناقلاردا مۇزلىغان سەھەر،
ھەم تۇتاشقان تۇپراققا قەدەر.
يىلتىز بولۇپ قالغان مۇھەببەت،
بىخ بولۇپ گۇل چىمەنلەر ئۇنەر.

تۇرمۇشنى دەپ ئۆتكەن ئۆمۇرنىڭ،
تەسۋىرىگە يەتمەس كۇچ، ئەقىل.
بىلمەك بولساڭ رەڭدار دۇنيانى،
كىرەك ئاڭا شۇنچە كۆپ بەدەل.

ئىيتالمىغان قەلىب ھىسلىرى،
قالۇر ھامان سىرغا ياندىشىپ.
مۇزىكىغا دۇملەنگەن دۇنيا،
ئۆتەر شۇنداق كۇيدە سىردىشىپ.

# ئەسلىيەلەمسەن

بىرگە كەزگەن گۈزەل باغلارنى،
ئايغا مۇڭداش، شېرىن چاغلارنى.
بىز ئىرغىتقان چوكانتاللارنى،
ھېلىھەممۇ ئەسلىيەلەمسەن؟

تۈن نىسبىدە مۈكۈشمەك ئويناپ،
قەلبىڭ ئۆيىنى ۋىسالغا چىللاپ،
كېچىككەندە زارىقىپ ساقلاپ،
يۈرگەنلەرنى ئەسلىيەلەمسەن؟

يەتمەك بولۇپ دىدار، دەرمانغا،
كېچىلەرنى ئۇلاپ تاڭلارغا،
قېتىپ ھەتتا شېئىر، قوشاققا،
سېغىنغاننى ئەسلىيەلەمسەن؟

يامغۇر يېغىپ تەننى جۇپلىگەن،
ۋىساللارغا دەرمان سەپلىگەن،
گويا گۈلگە گۈلنى جەملىگەن،
تۈنجى لەۋنى ئەسلىيەلەمسەن؟

# كېتەلەمسەن

شۆنچە يىللار قىلسام ئەقىدە،
كېتەرسەنمۇ تاشلاپ يامانلاپ.
چىدار قانداق يۈرىكىڭ سېنىڭ،
قالغاندا مەن كۆزۈمنى ياشلاپ.

كەتمىگىن يار، كەتمىگىن زىنھار،
ھىجران ئەمەس مېنىڭ كۈتكىنىم.
ئارمىنىم شۇ قۇياشلىق سەھەر،
تويماي ساڭا تەكرار سۆيگۈنىم.

روھىمىزنىڭ گۈلى ئېچىلسۇن،
يېتىشتۈرگەن سۆيگۈ تەپتىدىن.
بەربات بولسۇن رەقىب خىيالى،
يېتىم قالسۇن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن..

سۆيگەن پېتىم تۇتۇۋالغۇم بار،
ياپراقلارنى سۆيگەن شامالدەك.
چىقارمىغىن ئېسىڭدىن جانان،
سېنى يادلاپ سوققان يۈرەكتەك.

2011 ـ يىلى 9 ـ يانۋار، قەشقەر

# بارلىقىم

بىلدىم يايرىم باغاقلىرىڭدىن،
توي قىپسەن ھىجراننى كۆمۈپ.
كاككۇك بولۇپ سايرىدىم ئۇزاق،
مۇڭ، ئەلەمنىڭ باغرىغا چۆكۈپ.

كەچۈر يايرىم سۇلدى ئۇمىدىڭ،
مەن بولالماي ۋاپا قۇربانى.
ساڭا پەقەت تىلەيمەن بەخت،
يىغلاپ تۇرۇپ يەڭدىم ئازابنى.

تويۇڭ بوپتۇ مىنىڭدىن بۇرۇن،
قەلبىم سۇلدى گۈلنىڭ بەرگىدەك.
ۋەدىلىرىڭ ئىسىمدە يەنە،
يىنىپ تۇرار چوغدەك، چوغلاندەك.

ئۆكۈنمەيمەن كەچمىشلىرىڭدىن،
ھەم تۇمانلىق ھىجرانلىرىڭغا.
ئەپسۇس بىلەن ئۇرىمەن كاچات،
پىشانەمنىڭ شورلۇقلىرىغا.

# ئۇنتۇغىن

بىر چاغلاردا مېنى سۆيگەنتىڭ،
ئىشقىڭ بىلەن كۆيۈپ ئىنتىلىپ.
تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇپ يۈرەك،
كۆزلىرىڭگە كۆزۈمنى سۈرۈپ.

ئاشۇ كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە،
بەڭباشلىقىڭ قىلغاچقا گۇمران.
نېچۈن يەنە ئۇنتۇيالمايسەن،
كۆزلىرىدىن كەتسىمۇ دەرمان.

ئۇنۇت ئەمدى كەچۈرەلمەيمەن،
ساداقىتىڭ ئۆزۈڭگە تىرەك.
ئاشىقلىقىڭ ئۆلگەن روھىمدا،
ئىزلە ئەمدى باشقا كېلەچەك.

# نېمە دەي

ئىشەنمەيمەن سۆيگۈڭگە،
يالغان ياغقان لېۋىڭگە.
نىقاب بىلەن بابلاپسەن،
پەرداز قىلىپ يۈزۈڭگە.

نېمە ئامال ئوتۇڭدا،
پۈچىلاندى بۇ يۈرەك.
ئېچىلمىدى، توزىدى،
ساڭا تىزغان گۈل پورەك.

سۈندى كۆڭلۈم ئېگىلدى،
كىم تاڭىدۇ سەن كەبى.
قىلىقىڭغا نېمە دەي،
سەن ئالۋاستى ئەسەبىي.

# خىيالچان يۈرەك

مېھرىڭنى ئەي گۈزەل بەرسەڭ ناۋادا،
كۆيلەردىن پورەكلەپ ئېچىلار غۇنچە.
زېمىننى ئىللىتقان ئوتلۇق قۇياشتەك،
باغرىڭغا نۇر بولۇپ تۆكۈلەر چۇنچە.

كۆز يېشىم جىسمىڭغا قوشۇلۇپ ئاقسا،
بىلىسەن شۇندىلا ساداقىتىمنى.
ئۆمىدىم ئۆلمەيدۇ تىلىكىم مەلھەم،
بەك دېگۈم كېلىدۇ خىياللىرىمنى.

ئېچىلغان گۈل بولۇپ باققىنە بىر رەت،
ئارماندا مۈڭلىنىپ ئۆتمىسۇن يۈرەك.
ئارزۇيۇم باشلايدۇ پارلاق ئەتىگە،
ۋىسالدىن ياشارسۇن بىزدىكى تىلەك.

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي، قەشقەر

# ئاتۇشلۇق دېمەك بىزنى

ئاتۇشلۇق دېمەك بىزنى،
ھەممە يەرگە ياراشقان.
ئۆز يۇرتىدىن چىققاندا،
بىر - بىرىگە قاراشقان.

ئاتۇشلۇق دېمەك بىزنى،
ئۆملۈك تونى ياراشقان.
ئەجىر بىلەن پۇل تېپىپ،
ئانا يەرنى ياشناتقان.

ئاتۇشلۇق دېمەك بىزنى،
پەن كۆكىدە نۇر چاچقان.
ئەقىل - ئىدراك بابىدا،
ئەل بەختىنى ياشناتقان.

# ئاشىق سۆزى

ۋۇجۇدۇمدا ئاتەش كۈيى بار،
سەن بولغاچقا روھىم تۈۋرۈكى.
مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەپتىدە،
ئېچىلىدۇ يۈرەك ئىستىكى.

كۆز ئالدىمدا نۇرانە تۇرار،
مېنى كۈتكەن گۈزەل سىياقىڭ.
قارچۇقلاردا شېرىن پىچىرلاش،
مەنىلەرگە تولغان قىلىقىڭ.

گۈلدەستىنى تىزدىم قانچە رەت،
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ چەكسىز.
تىزدىم گۈزەل، نازۇك تىلەكنى،
قۇت بەرگىدە كۈلسۇن سۆيگۈمىز.

ھايات يولى مۇشكۈل كارامەت،
سەن بۇ يولدا ئاداققى كارۋان.
زىمىستاندا گۈلخان سەن جانان،
شۇڭا ھەر تاڭ قۇياشلىق ھامان.

1991- يىلى 4- ئاي، شىئەن

# ئۆگەندىم

تال چىۋىقتەك لىۋەن سىمايىڭ،
قارچۇغۇمغا ئويۇلغان زۇمرەت.
سۈكۈت بىلەن باقتىم يولۇڭغا،
كەلمىگەچ سەن تارتىمەن ھەسرەت.

شۇڭغۇپ نازۇك، تىرەن روھىڭغا،
زەمزەم بولۇپ چاچرىسام دەيمەن.
ئاي سەيلىسى قىلغان تۈنلەردە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىسام دەيمەن.

ئۆركەشلەيدۇ باغرىم سەن بىلەن،
تاشقىن بولغان بۇلاق سۈيىدەك.
قىرغاق بولۇپ سېنى سۆيىمەن،
مېھرىم ئاقار مۇقام كۈيىدەك.

كۆرسەتمىكىم مۇشكۇل ھەمىشە،
گۈلخان بولغان، كۆيگەن يۈرەكنى.
سىڭسەم دەيمەن روھىڭغا چوڭقۇر،
قىلمىسامۇ ئىزھار كۆرەكنى.

1995 ـ يىل 8 ـ ئاي، قەشقەر

# ئانام

سۆت بىلەن باغرىڭدىن ئېمىپ مۇھەببەت،
يېتىلدىم ئانىجان، مەغرۇر بارلىقىم.
تېپىلماس سەن كەبى ئەجىر بولىقى،
يۆلەنچۈك تېغىمسەن، مۇڭداش شادلىقىم.

قىسمەتلەر باغرىڭنى قىلسىمۇ ۋەيران،
بەختىنىڭ بارچىسى «بالام» دەپ كەلدىڭ.
ۋۇجۇدۇڭ قۇربانلىق باغچىسى ئەجەب،
سۆيگۈنىڭ دېڭىزى يېگانە قەلبىڭ.

ئايرىدىڭ ساماندىن داننى بىرمۇ بىر،
شۇ بالام رىسقى بۇ دېدىڭ يىمىدىڭ.
راھەتنى بالاڭغا ئاتىدىڭ ھەرچاغ،
جاپا ۋە مۇشكۇلدە ۋايىم يىمىدىڭ.

ئانىنىڭ مېھرى ھەم نېھمىتى ئۇلۇغ،
تەرىپكە تېپىلماس ساماۋى بايان.
ئۇلۇغلۇق ھەقداسى شۇ ئانا پەقەت،
تېپىلماس ھەتتاكى ئانىدەك دەرمان.

ئانىسىز ياشارماس ھايات، كائىنات،
سۆيگۈدىن يارالغان مۇھەببەت ھەتتا.
ئانا بار ئوغۇل ـ قىز قەلبىدە ئاتەش،
كۆت ئۇنى دانالىق تەختىدە كاتتا!

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي، قەشقەر

# كۆت مېنى

كۆتىمەن يۆرەكتىن سەنمۇ كۆت جانان،
ۋىسالىنىڭ پەيتىگە باش قويۇپ ھەرئان.
سىڭىپ كەت روھىمغا ئەقىدەڭ ئارا،
بىر ئۆمۈر ساداقەت سەن ئۆچۈن پەرمان.

كۆت مېنى ئىشقىڭدىن كۆلسۈن مۇھەببەت،
ھىجرانغا بەرمە يول، سۆيگۈ بالقىسۇن.
كۆيلىرىم ئىزدەيدۇ زارىقىپ سېنى،
قەلبىڭدە گۈل ئۈنسۇن، ئىپار تارىسۇن.

كىرپىكىڭ ئۈستىدە ياشىسا روھىم،
قەلبىمنىڭ ھۆلىسەن گۈزەللىك ئارا.
مەن سېنى سۆيىمەن چىن، دىل يۆرەكتىن،
ۋاپادىن ساداقەت بولىدۇ ئادا.

## يۈرەك سۆزى

غۇرۇر بىلەن ياشناپ، ياشىسام،
راۋان ماڭسام، ئىزىم قالدۇرسام
ئازغانلارغا يېڭى يول باشلاپ،
ئۆتسەم ھەركىم رازى بولارمۇ؟

ئەلگە كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ،
ئاجىزلارنىڭ غېمىدە چېپىپ،
جاپالاردا، مۇشكۈلدە پىشىپ،
ئۆتسەم ھەركىم رازى بولارمۇ؟

ئەدەپ ـ ھايا كۈلسە يولۇمدا،
ھاتەم روھى بولسا قولۇمدا،
بولسا ساپا شېرىن تىلىمدا،
ئۆتسەم ھەركىم رازى بولارمۇ؟

ئەجىر بىلەن باغلارنى ياساپ،
ئاۋام ئۈچۈن ئامەتلەر ئويلاپ،
چاڭقاقلارغا بۇلاق بوپ بويلاپ،
ئۆتسەم ھەركىم رازى بولارمۇ؟

كۆۋەجىسەم دېڭىز - ئوكياندەك،
مۇھەبەتتە تاھىر - زۆھرەك،
غۇرۇر بىلەن ياشاپ ئادەمدەك،
ئۆتسەم ھەركىم رازى بولارمۇ؟

2006 - يىلى 3 - ئاي، قەشقەر



# كونا يول

كونا يولدا ماڭغان ئىزىمىز،
ۋىسال قۇچۇپ كۈلگەن دىلىمىز.
كۆۋەجىگەچ ئالەمچە سۆيگۈ،
كەلسەڭ يەنە شۇنداق كۈلىمىز.

تەلمۈرىمەن چەكسىز سۈكۈتتە،
ئىستەكلەرگە ياندىشىپ ھەردەم.
كېلىشىڭنى كۈتىمەن جانان،
كونا يولدا سانىغاچ قەدەم.

مۇڭسىرايمەن كەلمىسەڭ كۈتۈپ،
دېرىكىڭنى سوراپ شامالدىن.
كونا يولدا ئېچىلدۇرۇپ گۈل،
قۇتقۇزساڭچۇ مېنى قامالدىن.

كونا يولدا يېزىلدى شېئىر،
سۈكۈت بىلەن مۇھەببەت كۈلۈپ.
تونۇش سەزگۈ ئىزدەيدۇ ھەرچاغ،
سېغىنىشتىن ساڭا تەلمۈرۈپ.

1992 ـ يىلى 9 ـ ئاي، شىئەن

# قاۋاقخانىدىن يانغاندا

ئاپپاق قاردا ئاقار لىرىكا،
بىراق بەرمەس شائىرغا نۇسرەت.
قاراقتىكى پىۋا كۆپۈكى،
شائىر ئۈچۈن تۇغىدۇ ھەسرەت.

قار پۈرىقى ـ ئەتىر پۈرىقى،
ئەسكە سالار قىزنىڭ نازىنى،
ھىس ـ تۇيغۇدىن قويىدۇ ئالداپ،
ئىمىزگۈنىڭ بىرىپ تۇسىنى.

ئايدىڭ كېچە قاردا يۇلتۇزلار،
جىمىرلايدۇ تىزغان نۇرلاردەك.
ئۆتۈپ كېتەر قاراپ قويماستىن،
تونۇش قىزمۇ ناتونۇش قىزدەك.

شۇ دەقىقە كەلدى ئايالىڭ،
ئايان بولدى ئىچكىنىڭ شاراب.
ئىلىپ كەتتى ئۆيۈڭگە ئاستا،
كۆزلىرىڭگە مەنىلىك قاراپ.

تۇيغۇلاردىن ئىزدىدۇق نيمە،
روھىمىزدا قۇترىدى مىتە.
پەزىلەتكە خائىن تۇيغۇدىن،
ساراڭ قىلدى شۇ سيسىق پىۋە.



# سىنى ئىزدەيمەن

گۈلگە تولغان باھار پەسلىدىن،
سادىق يۈرەك ئەسلىي، ئەسلىدىن،
مۇھەببەتنىڭ ئۆلمەس نەسلىدىن،
ئىنتىزار بوپ سىنى ئىزدەيمەن.

تالاي ـ تالاي قىزلار ئىچىدىن،
لىۋەنلەرنىڭ نازى ـ جىلۋىدىن،
تاللاپ گۈزەل ئىستەك قىتىدىن،
ئىنتىزار بوپ سىنى ئىزدەيمەن.

تەنھالىقنىڭ چەكسىز غىمىدە،
قۇرغاق يەرنىڭ پىنھان نىمىدە،
ۋىسال ئىزدەپ كۈندۈز ـ كىچىدە،
ئىنتىزار بوپ سىنى ئىزدەيمەن.

ئويقۇ تەرك كىچە تۈنىدە،
سەنسىز ئۆتكەچ دەردلەر ئىچىدە،
كۆڭۈل ئاچچىق غەملەر تەپتىدە،
ئىنتىزار بوپ سىنى ئىزدەيمەن.

ئۇچۇپ بارغۇم كېلەر يېنىڭغا،
دەستە ـ دەستە گۈل ئېپ يېنىڭغا،
بارسام دەيمەن سۆيگۈ بېغىڭغا،
ئىنتىزار بوپ سېنى ئىزدەيمەن.

سۇ ئىچەر كۆڭۈل كۆڭۈلدىن،
سۆيگۈ چېچەك ئاچاركەن ئاندىن،
مېھىر بېرىپ قەلب ھەم تەندىن،
ئىنتىزار بولۇپ سېنى ئىزدەيمەن.

1990 يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، شىئەن.

## سۆيۈپ ياشا

كۆرمەك بولساڭ سۆيگۈ ئۇچقىنى،
قەلبلەرگە كۆمۈلۈپ باققىن.
ئوخشار شۇنداق مۇھەببەت كۈيى،
نۇر دولقۇنى قۇياشقا يېقىن.

دەقىقىدىن يارىلار ئەتە،
سۆيگۈ بىلەن كۈلىدۇ بىلسەڭ.
خۇشاللىققا جۇر بولمايدۇ كىم،
سەن ھەقىقى سۆيگۈدە كۈلسەڭ.

ئارمان بىلەن ئۆتىدۇ ئەتە،
تۈگۈمەيدۇ سۆيگۈ پەتىمىز.
تەبىئەتكە ھامىيدۇر بەخت،
ھەمكار بولۇپ ئۆتەر كۈنىمىز.

ھەر جانلىقنىڭ مۇھەببىتى ئوت،
تەسەۋۋۇرى گوياكى ئالەم.
كۆڭۈللەردىن سۇ ئىچەر كۆڭۈل،
بىر - بىرىگە جور بولۇپ ئادەم.

بۇ ئەشۇنداق سۆيگۈ دۇنياسى،
سۆيۈپ ياشا بىر كۈن بولسىمۇ.
مۇھەببەتتە كۈلسۇن بارلىقىڭ،
ئەجەل ساڭا خەنجەر ئۇرسىمۇ.

1990 ـ يىلى 5 ـ ئاي، شىئەن

# يامغۇر ئەمەس بۇگۇن ياغقىنى

يامغۇر ئەمەس بۇگۇن ياغقىنى،
بىر ئاشىقنىڭ ھىجرانى، يېشى.
بولاي سۆيگۇ بېرىپ روھىمدىن،
يالغۇزلۇققا ھەمرا، مۇڭدىشى.

يامغۇر ئەمەس بۇگۇن ياغقىنى،
چاناقلاردىن ئاقتى لىرىكا.
تەسەۋۋۇرغا ھەيرانە ئالەم،
ۋىسال تېڭى چېلىپ مۇزىكا.

يامغۇر ئەمەس بۇگۇن ياغقىنى،
پۇشايمانغا ئېتىلغان ئوقيا.
ۋىجدانسىزغا ياغدۇرۇپ لەنەت،
قارچۇقلاردا قالدۇرۇپ سىيما.

يامغۇر ئەمەس بۇگۇن ياغقىنى،
گىياھلارغا يۇكلەنگەن ئارمان.
ۋىسال كۇتكەن ئۇلۇغ سۆيگۇدىن،
راستلىقىغا قىلمىغان گۇمان.

يامغۇر ئەمەس بۇگۈن ياغقىنى،
ۋۇجۇدۇمغا يۇكلەندى ۋاپا.
تومۇرلاردىن چاچرىدى سۆيگۈ،
جۇپ سايىغا يەر ـ زېمىن گۇۋاھ.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي، قەشقەر

# دەردى بار سۆيگۈ

شېرىن ھېستىن قوزغاپ ھاياجان،
كېتىپ قالدىڭ، كەلمىدىڭ جانان.
شۇندىن باشلاپ كېلىندۇ ئىلھام،
يۈرىكىمدىن دولقۇنلاپ ئارمان.

مۇھەببەتنىڭ رېتىملىرىدا،
لىرىكا ھەم تونۇش تەبەسسۇم.
چاقىرىدۇ ئاشىق كۆڭلۈمنى،
ئەسىر قىلىپ بارىمنى تامام.

كۆيدىڭ، بىراق دېمىدىڭ زىنھار،
ئىزدەپ يۈردىڭ كۆڭۈل سىرىمنى.
ئاتا قىلدىڭ دەردى بار سۆيگۈ،
يۇشۇرمىغىن تەشنا قەلبىڭنى!

1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي، شىئەن

# جۇدالىق

يىغلار دەريا سەھەردە مۇڭلۇق،
گۈل بەرگىلەر توزۇغان بۇندا.
دەرد ـ ھەسرەتنى باغاشلاپ ئاشىق،
يىغلار ئاھ دەپ قىرغاقتا، ياندا.

كەچكى شەپەق كەتكەن ئوغرىلاپ،
خىلۋەتلەردىن سىرلىق رەڭلەرنى.
چۈشەنمەيدۇ قىرغاق شۇ شەپەق،
گۈل رەڭلەرنىڭ ھىجران، دەردىنى.

مەھەللىدە چىققان تولۇن ئاي،
لىرىكىغا پەرۋاسىز قارار.
ئۆتۈپ كېتەر جىگدە يېنىدىن،
ئازاب ئىچرە ئاشىق بىقارار.

ئاق باغلىغان دالا، جىلغىدىن،
ماتەم ھىدى كېلەر مارىلاپ.
ئايرىلىشنىڭ ھىجران، دەردىدە،
كېلەر ئاستا مېھىر يامانلاپ.

# قىينكەن ـ قىين

بۇ ھاياتنىڭ قىسمەتلىرىگە،
ئادەملەرنىڭ قىلىق، بەختىگە،
كائىناتنىڭ بوستان، چۆلىگە،
باھا بەرمەك قىيىنكەن ـ قىيىن.

يۈرەر ھامان ھايات كارۋىنى،
تۇتقۇزمايدۇ ۋاقىت چىكىنى،
ئۆمۈر ئۆتەر يۈكلەپ قەرزىنى،
دۇنيا شۇنداق قىيىنكەن ـ قىيىن.

شىرنە يىغار ھەسەل ھەرىلەر،
تەشنا ھامان زېمىنغا گۈللەر،
مەۋجۇداتلار تىرىلەر، ئۆلەر،
چۈشەنمەك بەك قىيىنكەن ـ قىيىن.

ھايات كۈلمەس مەدەت بولمىسا،
روھلىرىڭغا مەنزىل تولمىسا،
ئۆيۈڭ گۈلدەك، نامرات بولمىسا،
تىرىكچىلىق قىيىنكەن ـ قىيىن.

ۋاقىت قوغلاپ ئۆتمىسەڭ تېخى،
قائىدىلەر قىلمىساڭ تېخى،
ئالالمىساڭ كۆڭۈلنى تېخى،
تۇرمۇش شۇنداق قىيىنكەن ـ قىيىن.

سەندىن ئامەت قاچمىسا ياخشى،
بولالمايسەن بەرمىسەڭ ياخشى،
ئامەت كۈتەر ھەتتاكى باخشى،
قىسمەت شۇنداق قىيىنكەن ـ قىيىن.

تىرىكچىلىك بىزگە ھۆكۈمدار،
ساقلىق ـ بايلىق، ھايات چىمەنزار،
كارۋاندۇرمىز توختىماي ماڭغان،
ياخشى ياشاش قىيىنكەن ـ قىيىن.

## يوشۇرمىغىن

سۆزۈڭ باردەك ئېيتارغا،
مېھرىڭ بىلەن قارايسەن.
سېنى ئىزدەپ بارسام يار،
نېچۈن مەندىن يىراقسەن؟

كۆزلىرىڭدە مۇھەببەت،
نۇر چاچىدۇ ئاشكارە.
لېۋىڭ تىترەپ بىلدۈرگەچ،
يۈرەك بولدى سەك ـ پارە.

ئىزلىرىڭدىن ئەگەشتىم،
چاچلىرىڭغا ياماشتىم.
ئوغرىلىما سۆيگۈمنى،
سۆيمەي تۇرۇپ دەرت چەكتىم.

بەلكىم سەنمۇ ھىجراندا،
يوشۇرمىغىن سۆيگۈڭنى.
مۇھەببەتتىن ياشنىتار،
گۈلگە پۈركەپ دىلىڭنى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئاي، شىئەن

# سۇ ئىچىدۇ كۆكۈلدىن ـ كۆكۈل

سەن سۇ بەرسەڭ قولۇمغا ئاداش،
مەن يېنىڭدا سۇنىمەن ياغلىق.
ئىززەت قىلساڭ تاپىسەن قىممەت،
ھۆرمەت ئۇلۇغ، باشقىسى چاغلىق.

ھايات مۇشكۈل، يولى داۋانلىق،
مېڭىش قىيىن بولمىسا يۆلەك.
غۇرۇر، رىغبەت، ئادىمىي كۆيۈم،
بىر ـ بىرىگە بولىدۇ ئەرمەك.

بىز كارۋان بىز ھايات يولىدا،
بەخت ئىزدەپ تىنەپ ئاۋارە.
كۈچ بىرلىكى بەختكە ھامىي،
ئىشقا ئاشار شۇندىلا غايە.

سۇ ئىچىدۇ كۆكۈلدىن ـ كۆكۈل،
قىش ـ زىمىستان ئۆللىيدۇ بىردىن.
روھىمىزدىن ئىپار چېچىلىپ،
گۈل ئۈنىدۇ دوستلۇق رىشتىدىن.

1989 ـ يىلى 3 ـ ئاي، شىئەن

# ئۇچراتقىم يوق سېنى قايتا رەت

ئۇچراتقىم يوق سېنى قايتا رەت،
باققۇم كەلمەس كۆزۈڭگە قايتا.
ئۇنتۇپ كېتەي، پەقەتلا ئۇنتاي،
ھىجران ئوتى باشلىما قايتا.

كۆيۈك دەردى پۈتكىنى نەدە،
تارتتىم شۇنچە ماغدۇر كەتسىمۇ.
بولۇپ قالسۇن ئەسلىمە پەقەت،
بەخت قۇشى قايتا قونسىمۇ.

كەڭرى يوللار ساڭىلا قالسۇن،
چىغىر يولدا ئىزلىرىم ئۇنسۇن.
ئۇچراشمايلى يول بېرىپ ئۆتەي،
كونا ئارزۇ، تىلىكىڭ كۆلسۇن.

ئۇچراتقىم يوق سېنى قايتا رەت،
سۇرۇپ قالغىن شېرىن خىيالنى.
قايتا ئەسكە ئالغان يوق بىر ـ بىر،
سەن قالدۇرغان دەردنى، پىراقنى.

# بولمىسا

كىم كۆيىدۇ گۈللەرگە رەڭ، پۇراقى بولمىسا،
كىم كۆيىدۇ مەشۇققا كۆيدۈرگۈسى بولمىسا.

سۆيۈشكەنىنىڭ ھەممىسى سانالمايدۇ مۇھەببەت،
مۇشاقەتتە، جاپادا مېھنەت كۈيى بولمىسا.

ئەرنى ھەرگىز ئەر دىمەس ئەرلىك غۇرۇر بولمىسا،
ئەلگە قانداق جان بېرەر ئەلسۆيەرلىك بولمىسا.

نە گۈزەل باغ، نە چىمەن بىلىنىدۇ گۈزەلدەك،
گۈزەللىكنى سەزگۈدەك سەزگۈ، ئەقىل بولمىسا.

ياخشى بىلەن يامان‌نى ئايرىش قىيىن قارىساڭ،
ئاقنى ئاپپاق دېيىشكە قارا بىللە بولمىسا.

سۇمبۇل چاچلىق نازىنىنلار ئاينى خىجىل قىلسىمۇ،
سۆيەلمەيسەن دائىما ئۇندا ئەخلاق بولمىسا.

ياشىماقنى ئاتايمىز ئالتە كۈنلۈك ئالەم دەپ،
نەدە بولۇر قىممىتى دىلدا سۆيگۈ بولمىسا.

# ماجاڭخانىدىكى يەر شارى

يەر شارى
كۆپ قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن،
ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ
سەبىي ئەقلىدىن
ئوزۇق ئېلىپ بۈگۈنگە كەلگەن.
بىزنىڭ قەشقەردە
(بۇ قەدىمىي يۇرتتا)
بار ماجاڭخانىلار
ياشايدۇ ئۇ يەردە يەر شارى، ئاھ
تاماكا ئىسىغا قاق سېلىنار.
ئىسرىقدانغا ئوخشاپ قالار گاھىدا
بولدى قىل دەپ جىكىلەپ تۇرار بىر ئىزگۇ روھ،
ئۆيگە قايتقىن، تۇرە ئورنىڭدىن دەر
بىراق هارمايدۇ ئالىمەن دەر ھېسسىيات.
تەسۋىرلەردە ئەسلىي يەر شارى،
ئېيتىلاتتى سېمىز ئىلىقىس دەپ،
ئوخشار ئىدى تولغان قىزلارنىڭ
يېرىم شارغا سىمۋول كۆكسىنى
پۈتۈن قىلىپ جۈپلىگەن كەبى
سۈيۈنەتتى ئادەمنىڭ كۆڭلى...
بىراق هازىر ماجاڭخانىدا
يەر شارىمىز شەكىل ئۆزگەرتكەن.

پۇل ئوقىدا چىكەر ئىستىراپ،
چاسا ـ چاسا كىچىك شىرەلەر،
دىل شارى دەپ قىلىشقان ئېتىراپ.
ۋاقىت ئېتىبارى نەزەردىن ساقىت،
كېچىسىمۇ يورۇق شۇ قەدەر،
قىزىق يېرى تۆت پەسلى باھار،
نە دىمىقنى ياكى سوغۇقنى
ھېس قىلماق تەس
بىلسىڭىز ئەگەر.
شۇ سەۋەبتىن سادىق ئەزالار،
ئۇزەلمەيدۇ مېھرىنى پەقەت،
چاسا ـ چاسا كىچىك شىرەدىن
ئۇلاردا بار پاسىبان
ئوخشىمايدۇ تۈزگەن پىلان،
بارچە سۆيگۈ پەقەت ماجاڭدا
تاپماق بولغان كەبى كامالەت.
ھەممىسى تەل ئەگەر خالىساق،
يېمەك ـ ئىچمەك كېلەر ئۆزىلا.
ئۇچۇر دەۋرى بۇ چاققان، تېز
پۇلدىن كېچىپ مىڭ بىر جاپادا
تېلېفون قىلسىلا سادىق چاكارلار،
ھازىر بولار قوماندانلىق سۇپىسىغا.
تائاملارنى يەيمىز ئەلبەتتە،
قورساق ئېچىپ ئۆلەي دېگەندە
ئېيتۇدۇرلەركى، بىزنىڭ پەلسەپە،

جاندىن مۇھىم پۇل ھەم بۇ سەھنە.
ھەر زامانىنىڭ ساھىلى بارمىش،
بىزنىڭ ماكانىمۇ ئەمەس مۇستەسنا.
شىرە ئۈستىدىكى تاماكىنى
ئېرىنمەستىن ئالغان نەس بەڭگە،
تەلەي كەلگەن مەلۇم بىرسىگە،
كۈچۈكلىنىپ ماختىشار تىنماي،
شۇ باندا قىلار تىلەمچىلىك
قىزىل كالا، يېشىل چاي ياكى تاماكا
بولۇر ھامان ئېرىشمەك نەرسە.
پۇل تىلىمەس بۇ جايدا تىلەمچى
بەلكىم ئۇلار ئويلايدىغاندۇ
پۇل ئۇقۇمى سانغا ئالاندى
ئۇندىن مۇھىم بىزنىڭ ئولجا دەپ.
ۋاقىت لازىم ئەمەس بۇ جايدا،
بىزگە ھەرگىز قويۇلمايدۇ چەك.
بۇ كائىناتتىن سىرتقى دۇنيا
بىز ماجاڭغا يىقىلغان جانلار،
بىز يەر شارىدا ياشىغان مۇرىتلار
ياشايمىز ھەم گاداي بولغۇچە
ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ ئۆلگۈچە.
خۇددى ھايات لازىم ئەمەستەك
ياشاۋەردۇق بىركۈن بولسىمۇ،
بۇ ئاشۇنداق ئۆزگىچە دۇنيا،
ھاياتلىقنىڭ مىزانلىرىغا

بويۇن بەرمەس دەقىق بولسىمۇ،
بىز تەڭرىنىڭ ئەركە بالىسى.
ياشاپ كەلدۇق سۆزۈك ھاۋاسىز،
كۆتۈپ كەتتۇق تاماكا ئىسى
لەيلەپ تۇرغان تۇمانلىق ھاۋاغا.
دېمەك شەك يوق كۆنۈشكە ئادەم،
گۇناھكارلار بۇيرۇلغان جايغا.
ماجاڭخانىدا بىزنىڭ يەر شارى،
نەق - نىسىدىن تاپىدۇ قۇۋۋەت،
ئارىلاپ - ئارىلاپ چايچى غوجايىن،
مارىلاپ قويار تىجارىتىنى،
ئۇنى خوجايىن قىلغان يانچۇقنى...
تاقالمىسا ئىكەن بۇ ماكان
تاقالدىمۇ باشلىنار ئازاب
ئۆيدە بىزنى ساقلىغان كۆزلەر
خىجىل قىلار ئادەم ئىسمىنى.
سائەت ئۆتمەي قەرز بەرگەن كىشى،
سىرلىق تۇستە چۈشۈرۈپ بۇيرۇق
شۇنچە ھەيۋەت كۆرۈنەر كۆزلەرگە،
ھەم ھېسابلاپ ئالماقچى بولار،
غۇرۇر - دىتىنىڭ قوبۇل قىلالماس
ئۆتۈنۈشكە خوتۇن - قىزىڭنى....
ئۆلۈم تاتلىق ئەمەسمۇ بىزە،
قەرزدارنىڭ كۆتكەنلىرىدىن
بىز ئۆلدۇقمۇ، تۈگەيلى دەيلى

بوش قويارمۇ خوتۇن ـ بالىنى
پۈلى بارنىڭ گېپى بەك تولۇق
زەردە قىلار هايات قالغاننىڭ
هېچ گۇناهسىز تۇرغان جېنىنى،
شۇڭا دەيمەن بىزنىڭ يەر شارى
ياشىساڭكەن بەش يۈز يىل يەنە
مەيلى قانداق بولسىمۇ ئەتە.
ئاڭلىدىڭمۇ ئازغۇن بابىدا
مېنىڭ كەبى پاتقان گۇناهقا،
چاسا ـ چاسا تالاي يەر شارى...

2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي، قەشقەر

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：热依拉·玉素甫
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：卡地尔热亚·米吉提

**我的爱，我的春天**（诗歌）

迪力木拉提·麦麦提依明肖吾东　　著

新 疆 人 民 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　3.5 印张
2013 年 3 月第 1 版　2013 年 3 月第 1 次印刷

ISBN 978－7－5466－1223－2（民文）　定价：18.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمدەنسە ئالىم



ISBN 978-7-5466-1223-2

9 787546 612232 >

定价：18.00元